بالىلارغا سوۋغا-2



5

ئادىل ئىمىن

# تۇز مەلىكە

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن - سىن نەشرىياتى



باللارغا سوۋغا — 2
5

ئادىل ئىمىن

# تۇز مەلىكە

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

孔雀公主：维吾尔文/阿地力·依明著. 一喀什：喀什维吾尔文出版社：乌鲁木齐：新疆电子音像出版社. 2010.4
(给孩子们的礼物. 中)
ISBN 978－7－5373－2011－5

Ⅰ. ①孔... Ⅱ. ①阿... Ⅲ. ①童话一作品集一中国一当代一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I287.7

中国版本图书馆CIP数据核字（2010）第069891号

丛 书 名　给孩子们的礼物－中（5）
书　　名　孔雀公主
策　　划　艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
作　　者　阿地力·依明
责任编辑　买哈巴·铁外库
特约编辑　艾合买提·买买提
责任校对　古丽巴哈尔·托合塔木
特约校对　克尤木·吐尔逊
封面设计　努尔买买提·吾买尔
出　　版　喀什维吾尔文出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆翼百丰印务有限公司
开　　本　880×1230mm　1/32
印　　张　2.75
版　　次　2010年4月第1版
印　　次　2010年9月第1次印刷
印　　数　1—5000
书　　号　ISBN 978－7－5373－2011－5
总 定 价　84.00元
本册定价　8.00元

（书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系）

# مۇندەرىجە


توز مەلىكە ........................................ 1

گۈزەل مەلىكىنىڭ سەت مەلىكىگە ئايلىنىپ قېلىشى ...... 18

شاھزادە دىلمۇرات ـ مەلىكە دىلخۇمار .................. 27

شام بالا ........................................ 47

شاھ بىلەن چېرىك .............................. 64

ئاق قۇ بىلەن قاراقۇ .............................. 67

كېپىنەك مەلىكە .............................. 68

ئاچ كۆزنىڭ ئاقىۋىتى .............................. 83

# تۇز مەلىكە

(چۆچەك)

قەدىمى مۇرغىزار قەلئەسىدە ئاق كۆڭۈل ۋە ساددا بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ ساھىبجامال بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ مەلىكە 14 ياشقا قەدەم قويغان يىلى ئۇنىڭ مېھرىبان ئانىسى قازا قىپتۇ. مەلىكە يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، لېكىن ئانىسى تىرىلمەپتۇ. نائىلاج تەقدىرگە تەن بېرىپ، قايغۇ ـ ھەسرەتنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتۈۋېرىپتۇ.

ئارىدا بىر يىل ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ قايتىدىن ئۆيلىنىپتۇ. بىراق يېڭى خانىشنىڭ رەڭگى ـ رۇخسارى گۈزەل بولغىنى بىلەن ئىچى قارا، بەلكى بىر جادۇگەر خوتۇن ئىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ گۈزەل ۋە نازاكەتلىك ئىكەنلىكىنىلا بىلىدىكەنكى، ئىچى زەھەر خالتىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن.

مەلىكە ئاتىسىنىڭ قايتا ئۆيلەنگىنىگە نارازى بولسىمۇ، لېكىن يېڭى خانىشنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. ئۇنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ، غەمكىن دىلىغا ئاراملىق تېپىشنى ئۈمىد قىپتۇ. ئەمما جادۇگەر خانىش بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە

مەلىكىگە بەكمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىپتۇ. بەلكى دىلىدا ئۆچمەنلىك تۇيغۇلىرى قوزغاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. مەلىكە يېڭى خانىشنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىگە ئېرىشەلمەي ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. خانىشمۇ مەلىكىنى كۆزدىن يوقىتىش كويىدا پۇرسەت كۈتۈپ، تىتىلداپ يۈرۈپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ. خانىش بۇ ۋاقىتنى پۇرسەت بىلىپ ئوردا كېنىزەكلىرىنى ئائىلىسىنى يوقلاپ كېلىشكە قويۇۋېتىپتۇ - دە، مەلىكىنى يالغۇز قالدۇرۇپتۇ، يالغۇز قېلىپ زېرىككەن مەلىكە چاھار باغقا چىقىپ گۈل ئۈزۈپ ئويناپ يۈرگەن ئىكەن، كەينىدىن سوكۇتتا قارىغان خانىش بىر قاچا سۇغا ئەپسۇن ئوقۇپ ھۈرۈۋېتىپلا مەلىكىگە چېچىپتۇ، مەلىكە شۇ ھامان ئاجايىپ گۈزەل، رەڭدار پەيلىك بىر توزغا ئايلىنىپتۇ، خانىشنىڭ شۇم غەرەزلىك قىلمىشىنى مەلىكىدىن خەۋەر ئالغىلى كىرگەن ئېنىكئانا مومايدىن باشقا ھېچكىم كۆرمەي قاپتۇ.

ئۆز قىلمىشىنى ئېنىكئانىنىڭ كۆرۈپ قالغىنىدىن خەۋەرسىز خانىش توز سۈرەتلىك مەلىكىنى تۇتۇپلا قانات - قۇيرۇقلىرىنى بوغۇچلاپ، تۇمشۇقىنى ھەم يىپ بىلەن چىرمىغاندىن كېيىن كۆتۈرۈپ ئوردا ئاشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپتۇ.

— پاھ! نېمىدېگەن چىرايلىق جانىۋار بۇ ھە؟! — دەپتۇ

ئاشپەز ئۇنى كۆرۈپلا. چۈنكى بۇ ئەلدە ھېچكىم توزنى كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغانىكەن.

— بۇ دېگەن خاسىيەتلىك توخۇ، گۆشى 40 خىل كېسەلگە شىپا بولىدۇ، — دەپتۇ خانىش قاتتىق تەلەپپۇزدا، — ئۇنى بوغۇزلاپ، تازىلاپ، كەچلىك تاماققا ئۈلگۈرتۈپ پىشۇرۇپ قوي، شاھىم شىكاردىن يانغاندا بىللە تېتىپ كۆرگەيمىز، ئېسىڭدە بولسۇنكى بوغۇزلىماي تۇرۇپ تۈمشۇقىنى يەشمە، قاچۇرۇپمۇ قويما، ئەگەر شۇنداق قىلساڭ ئۇنىڭ ئورنىدا سېنى بوغۇزلىتىمەن.

— خوپ، ھۆرمەتلىك خانىش ئايىم، دېگەنلىرىدەك قىلىمەن، — دەپتۇ ئاشپەز تىترەپ تۇرۇپ.

— ئېسىڭدە بولسۇن، — دەپتۇ خانىش يەنە تاپىلاپ، — بۇ توخۇنىڭ تەمى ئۆزگىچە، بەستى يوغان، چاتاق چىقىرىپ قويساڭ، ياكى باشقا بىر توخۇغا ئالماشتۇرۇپ قويساڭ ئاسانلا سېزىۋالىمەن، ئۇ چاغدا كاللاڭدىن ئايرىلىسەن.

— ھەرگىز چاتاق چىقارمايمەن، خاتىرجەم بولسىلا، — دەپتۇ ئاشپەز قايتا - قايتىلاپ.

خانىش شۇ چاغدىلا كۆڭلى تىنىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئىشىك قانىتى كەينىگە يوشۇرۇنۇپ ھەممە سۆزنى ئاڭلاپ تۇرغان ئېمىنئانا موماي خانىش كۆزدىن يىتىشى بىلەنلا ئاشخانىغا كىرىپتۇ - دە، پىچاق بىلەپ ئولتۇرغان ئاشپەزگە:

— بۇ توخۇنى ماڭا بەرگىن، — دەپتۇ يىلىنىپ، — مەن

ساڭا ئۇنىڭ ئىغىرلىقىچىلىك ئالتۇن بېرەي، ئون يىلدىن بېرى پالەچ ياتقان بىر ئوغلۇم بار ئىدى، شۇنىڭغا پىشۇرۇپ بەرسەم، كېسىلى شىپالىق تاپاتتى.

— بولمايدۇ، — دەپتۇ ئاشپەز، — ئۇنى سىلىگە بېرىۋەتسەم خانىش كاللامنى كېسىدۇ.

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دەپتۇ موماي، يەنە يېلىنىپ، — ئۆيۈمدە بىر كۈركە توخۇ بار. بەستىمۇ مۇشۇ توخۇدەك يوغان، بۇ مەملىكەتتە تېخى بىرەرسى ئۇنداق توخۇ گۆشىگە ئىغىز تېگىپ باقمىدى. تەمى ئۆزگىچە بولۇشى مۇمكىن. سەن بۇ توخۇ ئورنىغا شۇنى پىشۇرۇپ خانىشقا ئەكىرىپ بەر. ھەرگىز بىلمەي قالىدۇ. مەن ساڭا ھەممە تەئەللۇقاتىمنى بېرەي، بىر ئۆمۈر يېتىپ خەجلىسەڭمۇ يېتىدۇ.

— سىزنىڭ قانچىلىك تەئەللۇقاتىڭىز بولماقچىدى، — دەپتۇ، — ئاشپەز سىزمۇ مەندەك بىر ئاددىي خىزمەتچى تۇرسىڭىز.

— مانا قارا، — دەپتۇ موماي يېنىدىن گۆھەر كۆزلۈك بىر ئالتۇن ئۈزۈكنى چىقىرىپ، — بىر مۇشۇلا مېنىڭ تىللاغا يارايدۇ. يەنە مۇشۇنداق زىننەت بۇيۇملىرىدىن بىر كىچىك ساندۇقتا لىق كەلگۈدەك بار، بۇ خاسىيەتلىك توخۇنى ماڭا بەرسەڭلا ھەممىسى سېنىڭ بولىدۇ.

گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈكنى كۆرگەن ئاشپەز جېنىنى ئالىقانغا ئېلىپ خانىشنى بىر ئالداش قارارىغا كەپتۇ، مومايىنىڭ

دىگەنلىرىگە كۆنۈپتۇ. ئۇزۇكىنى ئېلىپ توز سۈرىتىدىكى مەلىكىنى مومايغا بېرىپتۇ. موماي گۇمانخور خانىش سوراپ قالسا كۆرسىتىش ئۈچۈن 4 ـ 5 تال رەڭدار پەينى يۇلۇۋېلىپ ئاشپەزگە بېرىپتۇ ـ دە، توز مەلىكىنى ئېلىپ ئاشخانىدىن چاھار باغقا چىقىپتۇ. توز مەلىكىنىڭ قانات ـ قۇيرۇقىنى بوشىتىپ، تۇمشۇقىدىكى يىپنى يېشىۋەتكەندىن كېيىن پىچىرلاپتۇ:

— ئاھ! بىچارە قىزىم، سېنى ئەسلىگە قايتۇرۇش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بولمىسا قېرى جېنىم بەدىلىگە بولسىمۇ شۇنداق قىلاتتىم، ھازىرلا بۇ يەردىن ئۇچۇپ كەت، يىراق ـ يىراقلارغا ئۇچۇپ كەت، قانچە يىراققا كەتسەڭ شۇنچە ياخشى.

— رەھمەت سىزگە جېنىم موما، — دەپتۇ توز مەلىكە سۆزگە كىلىپ، — بىراق يۇرتۇمنى تاشلاپ نەگىمۇ بارارمەن. بۇ ئىشلارنى شاھ ئاتامغا بىلدۈرسەك بولمامدۇ، ئۇ بىرەر چارىسىنى قىلاتتى.

— بولمايدۇ، — دەپتۇ موماي، — خانىش بەكمۇ رەزىل، يامان جادۇگەر ئىكەن، ئۇ خالىسا ئاتاڭنى ۋە بارچە قەلئە ئەھلىنىمۇ باشقا مەخلۇقاتلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن، ھازىرچە ئۇنى ئۇركۇتۇپ قويمايلى، ئۇ خەتەرلىك ھەم زەھەرلىك بىر يىلان، چېقىلىش مۇمكىن ئەمەس. پۇرسەت تېپىپ ئاتاڭنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويىمەن.

— ماقۇل ئەمىسە، — دەپتۇ توز مەلىكە مەيۈسلۈك بىلەن، —

مەن كېتەي، سىز ئاشپەزگە زىنىنەت بۇيۇملىرى ساندۇقۇمنى ئەپچىقىپ بېرىپ، ئاغزىنى تۇۋاقلاڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ.

— شۇنداق قىلىمەن، — دەپتۇ موماي، — ئەمدى تېز ماڭ، قەيەردىدۇر بىر جايدا سېھىرلەنگەن كىشىلەرنى ئەسلىگە قايتۇرالايدىغان ئاق كۆڭۈل، خىسلەتلىك پەرىزاتلار بارمىش، سەن ئۇلارنى تاپقىن، سېھىردىن خالاس بولسەن، ئۇلارنى تېپىپ سېھىردىن خالاس بولۇپ، جادۇگەرنى يوقىتىش ئامالىنى تاپمىغۇچە قايتىپ كەلمە، ھەم شۇ چاغقىچە ئەسلىڭنى ئاشكارا قىلما، بولمىسا جادۇگەر خانىش كەينىڭدىن قوغلاپ بېرىپ يەنە زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

— سىز دېگەندەك قىلىمەن، — دەپتۇ توز مەلىكە، ئاندىن ئۇ خەيرلىشىپ كۆككە پەرۋاز قىپتۇ، موماي ئامانلىق تىلەپ قاپتۇ.

توز مەلىكە موماي ئېيتقان خىسلەتلىك پەرىلەرنى تېپىش ئۈچۈن كېچەيۇ كۈندۈز ئۇچۇپتۇ. ئۇ گاھى بوراندا، گاھى قار - يامغۇردا قاپتۇ، گاھى ئوۋچىلارنىڭ يا ئوقىغا نىشان بولسا، گاھى يىرتقۇچ قۇشلار پەنجىسى ئاستىدا يارىلىنىپتۇ. كۆرمىگەنلىغان مۇشكۇل - خەتەرگە يولۇقۇپتۇ، بىراق ئۇ قەيسەرلىك بىلەن ئۇچۇشنى داۋام قىپتۇ، تاكى كۆزلىگەن مەنزىلنى تاپمىغۇچە توختىماسلىقنى قارار قىپتۇ، شۇنداق يۈرۈپ تازا چارچىغان بىر چاغدا گۈزەل مەنزىرىلىك بىر باغ ئىچىگە چۈشۈپتۇ - دە، بىخەستەلىكىدىن قۇش ئوۋلايدىغان تورغا ئىلىنىپ قاپتۇ. تور ئىگىسى ئۇنى ئۆز دۆلىتىنىڭ شاھىغا سوۋغا قىپتۇ، بۇ گۈزەل

قۇشقا خۇشتار بولغان شاھ ئۇنى ئالتۇن قەپەسكە سولاپ تەخت بېشىغا ئېسىپتۇ. ياقۇت پىيالىدە سۇ ۋە ئالتۇن جامدا دان قويۇپتۇ، بىراق مۇراد مەنزىلىگە قاراپ ئۇچۇش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالغان توز مەلىكە دان ۋە سۇغا قاراپمۇ قويماپتۇ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەردىدە كۆپ قىينالغان بولسىمۇ، لېكىن نە دان، نە سۇغا تۇمشۇقىنى تەگكۈزمەپتۇ، ئاقىۋەت شۇ ھالەتتە نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ دەرمانىدىن كەتكەندە ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ ـ دە، كۆزلىرى يۇمۇلۇپتۇ.

گۈزەل قۇشنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ «جان ئۈزدى» دەپ خىيال قىلغان شاھ چەكسىز قايغۇ ئىلكىدە ئۇنى قەپەسىدىن ئېلىپ، مۇلازىملارغا بېرىپتۇ ـ دە، چاھار باغ ئىچىگە كۆمۈپ قويۇشقا پەرمان قىپتۇ، مۇلازىملار پەرمان بەجاسى ئۇچۇن چاھار باغدا، ئەتىرگۈل يېنىدا بىر ئورا كولاپ قۇشنى كۆممەك بولغاندا ئۇنىڭ قويۇلغان يېرىدە يوقلۇقىنى كۆرۈپتۇ.

چۈنكى بۇ چاغدا باغدىكى سالقىن ھاۋا ۋە گۈللەرنىڭ خۇش ھىدىدىن ھوشىغا كەلگەن توز مەلىكە بار كۈچى بىلەن قانات قېقىپ كۆككە پەرۋاز قىلغان ئىكەن.

شۇنداق كۈنلەر ئۆتۈپ بىر يىل بولدى دېگەندە توز مەلىكە پايانسىز كەتكەن بىر ئورمان ئۇستىگە يېتىپتۇ. گويا ئاستىدا بىر يېشىل رەڭلىك دېڭىز كۆرۈپتۇ.

«بىر ئايلىنىپ باقاي، — دەپتۇ ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، — بەلكىم پەرىزاتلار مۇشۇنداق ئورمان ئىچىدە، خىلۋەت بىر جايدا بولۇشى

مۇمكىن.»

ئۇ يەنە ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، قۇيرۇقلىرىدا دەرەخ ئۇچلىرىنى سىيپاپ ئۇچۇپتۇ. ئاخىرى ئورمانلىقنىڭ مەركىزىدە، دەل - دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان ئەينەكتەك سۈپسۈزۈك بىر كۆل ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئارالدا مەرمەر تاشتىن ياسالغان گۈمبەز تورۇسلۇق بىر راۋاقسىمان ئىمارەتكە كۆزى چۈشۈپتۇ.

«خىسلەتلىك پەرىزاتلار مۇشۇ يەردىمىدۇ؟ — دەپتۇ توز مەلىكە يەنە ئۆز - ئۆزىگە، — ئىچىگە كىرىپ باقايچۇ؟»

ئۇ تۆۋەنلەپ ئىمارەت ئالدىغا چۈشۈپتۇ، ئىشىكنىڭ چىڭ تاقالغانلىقىنى سېزىپ، ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن ئۆي ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۆي ئىچى ئاجايىپ ياسىداق بولۇپ، زەر يالىتىلغان ئىشكاپ - ئۈستەللەر، ئالتۇن - كۈمۈش جابدۇقلار بىلەن جابدۇلغان، ئاستىغا يىپەك گىلەملەر سېلىنغان ئىكەن. بىراق ئىنس - جىن كۆرۈنمەيدىكەن.

توز مەلىكە بۇ ئۆيدىن يەنە بىر ئۆيگە چىقىپتۇ. بۇ يەردە ئېسىل يىپەك چىمىلدىق تارتىلغان مەرمەر كارىۋات كۆرۈپتۇ. كارىۋات ئۈستىدە ئۆي ئىچىنى ئاپتاپ مەسىلىك ھۆسن - جامالى بىلەن نۇرلاندۇرۇپ، قاپقارا بۇدۇر چاچلىق، قوشۇما قاشلىق، ئاجايىپ چىرايلىق، كېلىشكەن بىر يىگىت ئۇخلاپ ياتقۇدەك.

«ئېھ! نېمىدېگەن چىرايلىق يىگىت، ھە!» دەپ پىچىرلاپتۇ توز مەلىكە.

ئۇنىڭ قارىغانسېرى قارىغۇسى كەپتۇ. ئاقىۋەت چىمىلدىقنى قايرىپ قاراپتۇ ۋە كۆزى كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى لەۋھەگە چۈشۈپتۇ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن ئىكەن:

«بۇ يىگىت پەرىلەر شاھىنىڭ ئوغلىدۇر، 40 يىلدىن كېيىن ئۇيقۇدىن بىدار بولغۇسى.»

ۋاي بىچارە، — دەپتۇ تۇز مەلىكە ئاھ ئۇرۇپ، — ئۇنى ئويغىتىش ئامالى يوقمىدۇ؟ 40 يىل ئۇيقۇدا ئۆتسە ئويغانغاندا ئۆزىنى قېرىلىق مەزگىلىدە كۆرىدۇ - دە، بۇ نېمىدېگەن بەختسىزلىك.

شۇنداق دەۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزى كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى يەنە بىر لەۋھەگە كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭدا: «بۇ شاھزادىگە ئاشىق بولغان قىز 40 كېچە - كۈندۈز توختىماي يەلپۈپ بەرسە ئويغانغۇسى» دېيىلگەن ئىكەن.

بۇنى كۆرگەن تۇز مەلىكە چەكسىز شادلىنىپ شاھزادىنى 40 كېچە - كۈندۈز يەلپۈشنى قارار قىپتۇ. ئاندىن ئۆيدىن ئۇچۇپ چىقىپ ئورماندىن 40 كۈن يەتكۈدەك ياۋا مېۋە - چېۋە ۋە سۇ توشۇپ كارىۋات يېنىغا جايلاشتۇرۇپتۇ، تەييارلىقى پۈتكەندە كارىۋات لېۋىدە تۇرۇپ بىر قانىتى بىلەن شاھزادىنى يەلپۈشكە باشلاپتۇ.

يەلپۈپتۇ، يەلپۈپتۇ، ئۇيقۇسىزلىق ۋە ھارغىنلىق ئازابلىرىغا چىداپ يەلپۈپتۇ، يەلپۈشنى بىر دەقىقە توختاتماپتۇ. شۇنداق قىلىپ 40 كۈن ئۆتۈپتۇ. لېكىن شاھزادە شەھلا كۆزلىرىنى

ئاچقان مىنۇت توز مەلىكە هوشىدىن كېتىپتۇ.

ئۇيقۇدىن ئويغانغان شاهزادە ئۆز يېنىدا بىر ساھىبجامال مەلىكە ياكى گۇزەل قىز ئەمەس بەلكى پەر - قاناتلىرى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك رەڭدار ۋە جۇلالىق بىر توزنى كۆرۈپ: «ئاھ! خۇدا، بۇ نېمە ئىش، مېنى مۇشۇ توز سېھرىي ئۇيقۇ ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇزغانمىدۇ؟» دەپتۇ ھەيرانلىق بىلەن ئۆز - ئۆزىگە.

ئۇنىڭ سۆز تاۋۇشى بىلەن هوشىغا كەلگەن توز مەلىكە بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ، لېكىن ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان شاهزادىدىن ئۇيالغانمۇ ياكى سۆزلەپ سېلىپ ئەسلىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر ئۆيدىن چىقىپ كەتمەك بوپتۇ، ئەمما بەك دەرمانسىزلىنىپ كەتكەچكە نەچچە قەدەم مېڭىپلا يەنە يېپەك گىلەم ئۈستىگە يىقىلىپ قاپتۇ.

— بىچارە توز، — دەپتۇ شاهزادە، ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ توز سۈرەتلىك مەلىكىنى كۆتۈرۈپ قۇچىقىغا ئاپتۇ. پەر - قاناتلىرىنى سىلاپتۇ.

— مېنى قويۇۋېتىڭ، — دەپتۇ توز مەلىكە شۇ چاغ ئەندىكىپ — مەن …

شاهزادە قاتتىق ئەجەبلىنىش ئىلكىدە ئۆز قۇچىقىدىكى توزنى يەرگە قويۇپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— مەن توزنىڭ سۆز قىلغىنىنى بۈگۈن تۇنجى كۆرۈشۈم، ئېيتىڭا سىز راست توزمۇ ياكى سېھىرلەنگەندىن كېيىن توز

سۇرىتىگە كىرىپ قالغان بىر قىزمۇ؟

ــ مەن توز سۇرەتلىك مەلىكە، ــ دەپتۇ توز مەلىكە خورسىنىپ، ــ سېھىرلىنىپ توز سۇرىتىگە كىرىپ قالغان. ئەسلىي كىملىكىمنى ۋە نېمە ئۈچۈن سېھىرلەنگىنىمنى ھازىرچە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. مېنى كەچۈرۈڭ شاھزادە.

ــ ئىختىيار سىزدە ــ دەپتۇ شاھزادە، ــ كېيىن ئېيتىپمۇ بېرەرسىز.

ــ ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ نېمىشقا 40 يىللىق ئۇيقۇغا ئەسىر بولۇپ قالغىنىڭىزنى ئېيتىپ بېرەمسىز؟ ــ دەپتۇ توز مەلىكە شاھزادىگە.

ــ ئېيتىپ بېرەي ــ دەپتۇ شاھزادە، ــ مەن بۇ يەردىن 300 يىللىق يىراق مەنزىلدىكى پەرىلەر شاھىنىڭ ئوغلىمەن. ئادەمزات دۇنياسىنى سەيلە ـ تاماشا قىلىپ كۆرۈش ھەۋىسى بىلەن ئاتا ـ ئانا، قان ـ قېرىنداشلىرىمدىن يوشۇرۇن ئايرىلىپ سەپەرگە ئاتلاندىم، بۇ ئورمانلىق ئۈستىگە كەلگەندە بۇ ئىمارەتكە كۆزۈم چۈشتى. ئاسماندىن چۈشۈپ قارىسام بىر گۈزەل ئايال بىلەن بىر يىگىتنى كۆردۈم، كېتەي دەپ ئارقىغا يېنىشىم ھېلىقى ئايال چاقىرىپ قالدى. بۇرۇلۇپ قارىسام ھېلىقى يىگىت بىر تاش ھەيكەلگە ئايلىنىپ قاپتۇ، ئايال بولسا جىلۋە ـ ناز بىلەن مېنى شەرەت قىلىپ چاقىرىۋاتىدۇ، مەقسىتى مەن بىلەن بىرگە بولۇش ئىكەن. گۈزەل قىياپىتى ئىچىگە رەزىللىك يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭدىن سەسكىنىپ كەتتىم،

يەنە بىر قاراشقىمۇ رايىم بارماي ئۈچۈپ كۆككە كۆتۈرۈلدۈم، ئايال بولسا بىر ئەپسۇن بىلەنلا پۈت - قولۇمنى چۈشەپ ئالدىغا قايتۇرۇپ چۈشتى، شېرىن - شېكەر سۆزلىرى، نازلىق خۇلقى بىلەن مېنى بويسۇندۇرماقچى بولدى، ئاندىن ھېلىقى يىگىتنىڭ ھەيكىلىنى كۆرسىتىپ مېنى ئاگاھلاندۇردى، بىراق ھېچبىر سۆزىگە قۇلاق سالمىدىم. ئاقىۋەت «ياشلىق باھارىڭ ئۈيقۇدا ئۆتسۇن، ئويغانغاندا ئۆزۈڭنى ئاپپاق ساقال بىر چال قىياپىتىدە كۆرۈپ، ئاچچىق پۇشايمان ياشلىرىنى تۆككەيسەن، ئۆمرۈم بولسا شۇ چاغدىكى ھالىڭنى تاماشا قىلغايمەن» دېگىنىچە ئەپسۇن بىلەن مېنى سېھرىي ئۇيقۇغا دۇچار قىلدى. بولغان ئىش مانا شۇ، كارىۋاتنىڭ باش ۋە ئايىغىغا يېزىلغان خەتلەرنىڭ بولسا كىملەر تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ۋە جادۇگەرنىڭ قاياققا كەتكىنى ماڭا نامەلۇم، پەقەت ئۇخلاۋېتىپ كۆرگەن بىر چۈشۈمدە — ئاپپاق ساقال بىر نۇرانە چېھرلىك كىشىنىڭ «سېنى بىر گۈزەل قىز قۇتقۇزىدۇ» دېگىنى ئېسىمدە، دېگەندەك سىز كېلىپ مېنى قۇتقۇزدىڭىز.

— ئەمدى سېھىردىن خالاس بولدىڭىز، — دەپتۇ تۇز مەلىكە، — يۇرتىڭىزغا قايتالايسىز، خالىغان يەرگە بارالايسىز، مەن قاچانغىچە مۇشۇ ھالەتتە يۈرۈشۈمنى بىلمەسمەن.

— مەن بىلەن بىللە كېتىڭ، — دەپتۇ شاھزادە، — بىزنىڭ پەرىلەر يۇرتى ئاجايىپ گۈزەل، مەن سىزگە چاھار بېغىمىزدا خاس ئارامگاھ تەييارلاپ بېرىمەن.

— بولمايدۇ، — دەپتۇ توز مەلىكە، — مەن سېھىر - جادۇدىن ئازاد قىلىدىغان خىسلەتلىك پەرلەرنى تېپىشىم كېرەك. ئۇلار قەيەردە بولسۇن تېپىشىم كېرەك، ئادەم سىياقىمغا قايتىشىم كېرەك.

— مەن ئۇلارنى مەغرىپ دېڭىزلىرىدىكى بىر كىچىك ئارالدا، دەپ ئاڭلىغان ئىدىم، — دەپتۇ شاھزادە ئويلىنىپ، — ئۇ يەر بەك يىراق، بارالماسسىزمىكىن.

— چوقۇم بارىمەن، — دەپتۇ توز مەلىكە، — ئىرادىسى بوشاشمىغان ئادەملا ئۆز مەنزىلىگە يېتەلەيدۇ.

— مەن بىللە باراي، — دەپتۇ شاھزادە، — يولدا ياردىمىم كېرەك بولۇپ قالار.

ئۇلار بىللە يولغا چىقىپتۇ. شاھزادە پەرلەر ئەۋلادى بولغاچ ئۇچالايدىكەن. شۇڭا ھەر ئىككىسى كۆككە پەرۋاز قىلىپ مەغرىپ تامان ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنى نامەلۇم ئاخىرى مەغرىپ تەرەپلەردىكى پايانسىز بىر دېڭىز ئۈستىگە يېتىپتۇ. قىرغاقتا يېقىن خادا تاشلار ئۈستىدە ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە دېڭىز ئاسمىنىدا پەرۋاز قىپتۇ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز بوشاشماي ئۇچۇپ ئاخىرى كۆپكۆك دېڭىز ئۈستىدە يېگانە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر مارجان ئارىلىغا قونۇپتۇ.

ئارالدا تاملىرى كۈمۈشتىن، ئىشىك - دېرىزىلىرى ئالتۇندىن ياسالغان، لەئلى - ياقۇتلار بىلەن گۈللۈك نەقىشلەر چېقىرىلغان

بىر ھەشەمەتلىك قەسىر قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن.

شاھزادە بىلەن توز مەلىكە قەسىر ئىچىگە كىرىپتۇ، ئاجايىپ ئېسىل جابدۇلغان قەسىر ئىچىدە توققۇز ئالتۇن تەخت قويۇلغان، تەختلەردە ئاق كىيىملىك توققۇز پەرىزات ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن.

شاھزادە بىلەن توز مەلىكە ئۇلارغا ئۆز رەسمىي - يوسۇنى بىلەن سالام بېرىپتۇ، پەرىلەر سالامنى ئىلىك ئېلىپ «مەرھابا» دەپتۇ خۇش تەبەسسۇم بىلەن.

— ئەي شاھزادە — دەپتۇ شۇ چاغ بىر پەرى، — بۇ چىرايلىق توز ئەسلىدە بىر ئادەمزات ئەۋلادى بولسا كېرەك.

— شۇنداق، — دەپتۇ شاھزادە، — ئۇ بىر قەبىھ جادۇگەرنىڭ سېھىرىي جادۇسى بىلەن توزغا ئايلىنىپ قالغان مەلىكە، ھەرقايسىڭىزلاردىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويۇشنى، ھەم جادۇگەرنى يوقىتىشقا ياردەم قىلىشىڭلارنى ئىلتىماس قىلىپ كەلدۇق.

— بولىدۇ، — دەپتۇ پەرىزاتلار، — ئەمما بىز ئۇچۇن بىر ئىش قىلىپ بېرىشىڭلار كېرەك.

— قولىمىزدىن كەلسىلا چوقۇم ئورۇندايمىز. قېنى ئېيتىڭلار، — دەپتۇ شاھزادە بىلەن توز مەلىكە.

— بىزنىڭ بۇ ئارالدا تاتلىق سۇ كەمچىل، — دەپتۇ پەرىزاتلار، — شۇڭا سىلەر يامغۇر سۇلىرىنى يىغىپ سۇزۇلدۇرۇش ئۇچۇن بىر كۆلچەك ياساپ بېرىڭلار.

— بولىدۇ، — دەپتۇ شاھزادە، — بۇ ئىشنى مەنلا ئورۇندايي.

پەرىزاتلار ئۇنىڭغا ئالتۇن كەتمەن، كومۇش جوتۇ بېرىپتۇ. شاھزادە دەرھال ئىش باشلاپتۇ. تۇز مەلىكە گاھى قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى كەڭ يېيىپ ئۇنىڭ ئۇستىگە سايە چۈشۈرۈپ بەرسە، گاھى قانىتى بىلەن يەلپۈپ قويۇپتۇ ...شۇ تەرىقىدە قولىدىن كېلىشىچە شاھزادىنىڭ كۆل چېپىشىغا ياردەم قىپتۇ.

40 كۈن بولدى دېگەندە شاھزادە ئارال ئوتتۇرىسىدا يۇپيۇمىلاق ۋە چۆرىسىگە تۈرلۈك ئېسىل گۈل ـ گىياھلار تىكىلگەن بىر كۆلچەك بىنا قىپتۇ.

پەرىزاتلارمۇ بۇ 40 كۈندە بىكار تۇرماپتۇ، ئۇلار نېمە ئىش قىپتۇ دەمسىز؟ ئۇلار سېھرىي ئەپسۇن قايتۇرغۇچى خاسىيەتلىك دورا ياساپتۇ. جادۇگەرنى يوقىتىدىغان خىسلەتلىك قىلىچ تاۋلاپتۇ. ئاندىن شاھزادە بىنا قىلغان كۆلچەكنى كۆرۈپ ئۆز دېگىنىدىنمۇ ياخشىراق بولغانلىقىنى ھېس قىپتۇ ـ دە، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كېتىپتۇ.

ئاندىن ئۇلار بىللۇر كوزىدىكى خاسىيەتلىك سۈيۈق دورىنى تۇز مەلىكىنىڭ ئۈستىگە تۆكۈپتۇ. دورا ئۇنىڭ قاناتلىرىدىن باشقا ھەممە يېرىگە قۇيۇلۇپ بوپتۇ، بىراق دەل شۇ چاغدا ئاسماندا بىر قاراقۇش پەيدا بولۇپ چاقماقتەك شۇڭغۇپ چۈشكىنىچە قانىتى بىلەن بىللۇر كوزىنى ئۇرۇپ چىقىۋېتىپتۇ. كوزا چېقىلىپ، دورا يەرگە تۆكۈلۈپتۇ، قاراقۇش كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ــ بۇ ھېلىقى جادۇگەر خانىش، ــ دەپتۇ پەرىزاتلار غەزەپ بىلەن، ــ تەپ تارتماستىن بۇ ئارالغىمۇ كېلىپ ئەسكىلىك

قىلىشقىمۇ پېتىنغىنى ئۈچۈن بىز سىلەرگە ئۇنى يوقىتىشقىلار ئۈچۈن ياردەم قىلايلى.

شۇ سۆزلەر بولۇۋاتقاندا بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ توز مەلىكە ئادەم سىياقىغا قايتىپتۇ، پەقەت خاسىيەتلىك دورا تەگمەي قالغان بىر جۈپ توز قانىتىلا دۈمبىسىدە قېلىپ قاپتۇ.

ــ بۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرماڭ، ــ دەپتۇ پەرىزاتلار مەلىكىگە تەسەللى بېرىپ، ــ بۇ قاناتلارنىڭ قېلىپ قالغىنى بەلكى سىزگە پايدىلىق، سىز يەنە ئۇچالايدىغان بولىسىز، بىراق بۇ قاناتلار بەزىدە سىزگە بىر ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا بىز ئۇنى خالىسىڭىز پەيدا بولىدىغان، خالىسىڭىز يوقىلىدىغان قىلىپ قويايلى.

مەلىكە خۇرسەن بولۇپ ئۇلارغا كۆپ تەشەككۇر ئېيتىپتۇ. پەرىزاتلار يەنە شاھزادىگە ئالتۇن دەستىلىك ئالماس قىلىچ ۋە مەلىكىگە زەر يىپلار بىلەن تون پەرلىرى كەشتىلەنگەن ئاجايىپ رەڭدار ۋە كۆركەم يىپەك كىيىملەر، ئاندىن ھەر بىرىگە بىردىن ئەپسۇندىن ساقلىغۇچى خىسلەتلىك گۈل بېرىپتۇ.

مەلىكە سوۋغا قىلىنغان كىيىملەرنى كىيىپ گويا بىر چىرايلىق توزغىلا ئوخشاپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنىڭ كۆزلىرى قامىشىدىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە بىلەن شاھزادە پەرىزاتلار بىلەن خوشلىشىپ كۆككە پەرۋاز قىپتۇ، مۇرغىزار قەلئەسىگە راۋان بوپتۇ.

ئۇلار ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، قانچىلىك يول باسقىنى، قانچىلىك

ۋاقىت ئۆچقىنى نامەلۇم ئاخىرى مۇرغىزار قەلئەسىگە يېتىپتۇ. بىراق قەلئەنى گۆرىستان جىمجىتلىقى قاپلىغان. چوڭ ـ كىچىك ھەممە كىشى، ھەتتا قوي ـ كالا ··· قاتارلىق ھايۋاناتتىن تارتىپ، چىۋىن ··· قۇشقاچ ··· قاتارلىق ھاشارات ۋە ئۇچار قۇشلارغىچە جىمى جانلىقلار تاشقا ئايلىنىپ قالغان.

شاھزادە بىلەن توز مەلىكە ئۇدۇل ئوردا ئۈستىگە بېرىپتۇ، شۇ ھامان ئوردا ئىچىدىن بىر چوڭ ئەجدىھا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ئاغزىدىن ئوت پۈركۈپتۇ، بىراق خاسىيەتلىك گۈللەردىن نۇر چاقناپ ئوت غايىب بوپتۇ. شاھزادە ئەجدىھاغا قىلىچ ئۇرۇپتۇ، ئەجدىھانىڭ تېنى قېلىپ، بېشى بىر قاراقۇشقا ئايلانغانچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ، شاھزادە ئۇنى قوغلاپتۇ، توز مەلىكە ئالدىنى توسۇپتۇ، قاراقۇش ئەمدى ئاغزىدىن سۇ پۈركۈپتۇ، بىراق خىسلەتلىك گۈلدىن نۇر چاقناپ سۇمۇ غايىب بوپتۇ، ئۇنىڭ قىلغان باشقا سېھرى ـ جادۇلىرىمۇ كار قىلماپتۇ، ئاقىۋەت شاھزادىنىڭ قىلىچى ئاستىدا پارە ـ پارە بولۇپ، قانلىرى ئۇنچە ـ مارجاندەك ھەريان چېچىلىپتۇ. شۇ ھامان قەلئە ئەھلى ئەسلىگە كېلىپ، جادۇگەر خانىشنىڭ سېھرى ـ جادۇ بالاسىدىن قۇتۇلۇپتۇ، توز مەلىكە بولسا شاھزادىنىڭ تەلىپى ۋە ئاتىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن پەرىلەر يۇرتىغا شاھزادە بىلەن بىللە كېتىپتۇ ۋە شۇ يەردە شاھزادىنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپ، بىر ئۆمۈر بەخت ئىچىدە ياشاپ ئۆتۈپتۇ.

# گۈزەل مەلىكىنىڭ سەت مەلىكىگە ئايلىنىپ قېلىشى

(چۆچەك)

يىراق بىر زامانلاردا گۈزەللىك مەملىكىتىدە بىر گۈزەل مەلىكە بولغان ئىكەن. ئۇ شۇ مەزگىلدە دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل مەلىكە ئىكەن، بۇنى قانداق بىلگەندۇ دەمسىز؟ چۈنكى جاھاندىكى ھەممە مەلىكىلەرنى، ھەممە ساھىبجامالالارنى بىر يەرگە يىغىپ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ - دە، ئەمما بۇ مەلىكىنىڭ مەملىكىتىدە ھەممە كىشى كۆرەلەيدىغان بىر سېھىرلىك چوڭ ئەينەك بولۇپ، كىشىلەر بۇ ئەينەكنىڭ ئوڭ يۈزىگىلا قارىسا جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل مەلىكىنى كۆرەلەيدىكەن. بۇ مەلىكە بولسا دەل شۇ گۈزەللىك مەملىكىتىنىڭ مەلىكىسى ئىكەن، كىشىلەر ئۇنى گۈزەللىكى ئۈچۈن قەدىرلەيدىكەن، ھۆرمەتلەيدىكەن، مەلىكىمۇ ھەقىقەتەن ھۆسن - جامالى بولسۇن، ئەخلاق - پەزىلىتى بولسۇن تېپىلغۇسىز، كامالەتكە يەتكەن گۈزەل مەلىكە ئىكەن.

كۆنلەر ئۆتۈپتۇ، گۈزەل مەلىكىنىڭ گۈزەللىك تەرىپى جاھانغا كەڭ تارىلىپ، تىللاردا داستان بوپتۇ، شائىرلارنىڭ قەلەملىرىمۇ ئۇنىڭ شەنىگە قەسىدىلەر يېزىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپتۇ. ماختاش ـ مەدھىيە سادالىرى ئۇنىڭ دائىملىق ھەمراھىغا ئايلىنىپتۇ.

دەسلەپتە گۈزەل مەلىكە بۇ ماختاش سادالىرىدىن ئۈيىلىپ، قىزىرىپ، سەھەر قۇياشىدەك تېخىمۇ رەڭلىنىپ، تېخىمۇ ئۇزلىشىپ كېتىپتۇ. ماختاش سادالىرى كۆتۈرۈلگەن ھامان كەمتەرلىك ۋە مۇلايىملىق بىلەن يۇغۇرۇلغان ئالتۇن بويىنى پىنھانغا ئېلىپ، ئۆزىنى بىئارام قىلىۋاتقان ماختاشلاردىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنىدىكەن.

كۆنلەر ئۆتۈپتۇ، چوڭلار ئۇنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىكلىكىنى ماختىسا، ياشلار سەمىمىي، خۇشخۇيلۇقىنى، قىز ـ چوكانلار بولسا يۇرۇش ـ تۇرۇشىنىڭ نازاكەتلىك، كىيىم ـ كېچەكنىڭ يارىشىملىقلىقى، ئىشلىگەن كەشتىلىرىنىڭ نەپىسلىكىنى ... ماختاپتۇ.

ئەمما ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئەمدى مەلىكە ماختاش ـ مەدھىيەلەرنى ئاڭلىغاندا قىزارمايدىغان بوپتۇ، بەلكى بارا ـ بارا بۇ ماختاش ۋە مەدھىيەلەر يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىنىپ، ئۆزىنى قاچۇرمايدىغان بوپتۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدە سۆز بولسىلا بېرىلىپ ئاڭلايدىغان، بەلكى يەنە ئۆزىنى تېخىمۇ تۇزەشتۇرۇپ گۈزەللىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان،

بەزىدە تېخى ئۆزىمۇ ماختىنىپ يۈرىدىغان بوپتۇ، كۆنلەر ئۆتكەنسېرى گۈزەللىكىگە تەمەننا قويۇپ، باشقىلارنى پەس كۆرىدىغان، باشقىلارنىڭ چىراي ـ شەكلىدىكى ئەيىبلەرنى مەسخىرە قىلىدىغان بوپتۇ. مىجەز ـ خۇلقىدىكى خۇشخۇيلۇق ۋە ئىللىقلىق ئورنىنى ھاكاۋۇرلۇق ۋە مۇزدەك سوغۇقلۇق ئىگىلەپتۇ، خۇش پېئىل، چىقىشقاقلىقىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. جاھاندا بىر ئۆزىنىلا گۈزەل مەلىكە، ئۆزىنى قەدىرلىگەن، ھۆرمەتلىگەن ئاددىي كىشىلەرنى بولسا سەت ئاددەملەر دەپ قاراپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىلگىرى ئەڭ ئېسىل زىننىتى بولغان ئېسىل خىسلەتلىرى غايىب بوپتۇ. ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن ئاپتاپتەك پارلاپ تۇرغان جامالى ئورنىنى سوغۇقلۇق يېغىپ تۇرىدىغان مۇز چىراي ئىگىلەپتۇ، بۇنىڭ گۈزەل مەلىكىنىڭ گۈزەللىك شۆھرىتىگە دەخلىسى يەتمىسىلا بولاتتىغۇ.

ئەمما ئىش بۇرۇنقى پەددىدە كېتىۋەرمەپتۇ. بەلكى سېھىرلىك ئەينەكتىكى مەلىكىنىڭ گۈزەل سىماسى بارغانسېرى خىرەلىشىشكە باشلاپتۇ، يوقىلىشقا يۈزلىنىپتۇ. ھەم بۇ ئۆزگىرىش ھەققىدىكى خەۋەرمۇ تەڭلا جاھانغا پۇر بوپتۇ.

— توۋا، — دېيىشىپتۇ كىشىلەر ياقىلىرىنى چىشلىشىپ، — نېمىشقا گۈزەل مەلىكىمىزنىڭ گۈزەل سىماسى خۇنۇكلىشىپ قالىدىغاندۇ، ئۇ ئەمدى «جاھاندا ئەڭ گۈزەل مەلىكە» بولۇشتەك شەرەپتىن مەھرۇم قالارمۇ.

ئەل ئاغزىدا ئەمدى ماختاش ـ مەدھىيەلەر ئورنىنى شۇ

توغرىلىق غولغولا ـ مولاھىزىلەر ئىگىلەپتۇ، ھەر كىم ئۆز بىلگىنىچە قىياس قىلىدىكەن، بەزىلەر ئىچىنىپ قايغۇرسا، بەزىلەر شادلىنىپ كۈلىدىكەن.

ئىچىنىدىغان، قايغۇرىدىغانلار ئەلۋەتتە گۈزەللىك مەملىكىتىنىڭ يۇقىرىلىرى، شادلىنىپ كۈلىدىغانلار بولسا ئۇزۇندىن ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ يۈرگەن باشقا ئەل مەلىكىلىرى ۋە ساھىبجامالىلىرى ئىكەن، ئۇلار گۈزەل مەلىكىنىڭ گۈزەللەرنى كۆرسىتىدىغان سىماسى ئۆچسە، ئورنىدا مېنىڭ تەسۋىرىم ئايان بولسا، دېگەنلەرنىلا ئويلايدىكەن.

ھېلىقى گۈزەل مەلىكە نېمە ئىش قىپتۇ؟ دېمەمسىز، ئۇمۇ بۇ شۇم خەۋەردىن ۋاقىپلانغان ئىكەن. ئۇ دەسلەپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەپتۇ، كېيىن سېھىرلىك ئەينەك ئالدىغا بېرىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرگەندە بولسا چوغقا دەسسىۋالغاندەك تېپىرلاپ كېتىپتۇ. ئۇ خېلىدىن بېرى ئۆز بېشىمچى بولۇپ، باشقىلارنىڭ توغرا پىكىر، پەند ـ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماس بولۇپ قالغاچقا، بۇ ھەقتە بىر ئۆزىلا ئويلىنىشقا توغرا كەپتۇ. بىراق ئويلىنىپ ـ ئويلىنىپ بىر باشقا ئەپچىقىپ بولالماي، ئاخىرى كېنىزەكلىرىنى يىغىپ قەھر ـ غەزەپ بىلەن سوئال قويۇپتۇ:

ــ نېمە ئۈچۈن؟

ــ كېيىم ـ كېچەكلەرنىڭ يېتەرلىك ۋە ئېسىل بولمىغانلىقىدىن، ــ دەپتۇ ياساندۇرۇشقا مەسئۇل كېنىزەك.

شۇ ھامان مەلىكە ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىدىن نۇرغۇن پۇل ـ پۇچەك ئەپچىقىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئەڭ قىممەت باھالىق، ئەڭ ئېسىل رەختلەردىن توپ ـ توپى بىلەن كەلتۈرۈپتۇ. ئەڭ ئۇستا سەيپۇڭلار يىغىلىپ، ئەڭ يېڭى پوسۇندا، ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى تىكىشكە باشلاپتۇ. مەلىكە بولسا كۈنىگە نەچچە قېتىم ئالماشتۇرۇپ، توزدەك ياسىنىپ يۈرۈپتۇ. لېكىن سېھىرلىك ئەينەكتىكى ئوبرازىنىڭ يەنىمۇ خىرەلىشىپ كېتىشىنى توسۇپ قالالماپتۇ.

ـــ نېمە ئۇچۇن؟ ـــ دەپ توۋلاپتۇ ئۇ يەنە كېنىزەكلىرىگە ھۆرپىيىپ.

ـــ زىبۇ ـ زىننەتلەرنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكى ۋە ئېسىل بولمىغانلىقىدىن، ـــ دەپتۇ زىننەت بۇيۇملىرىغا مەسئۇل كېنىزەك دۇدۇقلاپقىنە.

شۇ ھامان مەلىكە شاھ ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىدىكى بارلىق گۆھەر، ياقۇت، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ۋە چەت ئەللەردىن ئالدۇرۇپ كەلگەن لەئلى ـ زۇمرەت، ئالماس ـ جاۋاھىراتلارنى نۇرغۇن ئالتۇن بىلەن قوشۇپ يىغىپ تەييارلاپتۇ. ئەڭ ئۇستا زەرگەر ـ ھۈنەرۋەنلەر دەرھال بۇلاردىن ئەڭ ئېسىل ۋە كۆركەم زىبۇ ـ زىننەتلەرنى ياساشقا چۈشۈپتۇ. كېچەيۇ كۈندۈز ئىشلەپتۇ. مەلىكىمۇ زىبۇ ـ زىننەتلەرنى يېتەرلىك تاقاپ سېھىرلىك ئەينەك ئالدىغا مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى كۆرگەنلا كىشىنىڭ كۆزلىرى قامىشىدىكەن. ئۆزىمۇ زىننەت

بۇيۇملىرىنىڭ زىيادە كۆپلۈكى ۋە ئېغىرلىقىدىن ئاران - ئاران ماڭىدىكەن. لېكىن ئۇ يەنىلا سېھىرلىك ئەينەكتە ئۆز ئوبرازىنىڭ بارغانسېرى خىرەلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ.

— نېمە ئۇچۇن؟ — كانىيى يىرتىلغۇدەك تۇۋلاپتۇ مەلىكە يەنە كېنىزەكلەرگە.

— يېتەرلىك پەرداز قىلىنمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، — دەپتۇ پەردازچى كېنىزەك ئىشەنچسىزلىك بىلەن.

شۇ ھامان مەلىكە چاپارمەنلىرىنى نۇرغۇن ئالتۇن - كۇمۇشلەر بىلەن ئۆز مەملىكىتى بازارلىرى ۋە چەت ئەل بازارلىرىغا چاپتۇرۇپتۇ. ئۇلارمۇ تېزلا ئەڭ قىممەت باھالىق ۋە ئەڭ ئېسىل گىرىم بۇيۇملىرى ئېلىپ قايتىپتۇ، مەلىكىمۇ ھايالسىز قاشلىرىغا ئوسما، يۈزلىرىگە ئۇپا - ئەڭلىك، لەۋلىرىگە لەۋسۇرۇخلارنى سۇرۇپ، پەردازلىنىپ سېھىرلىك ئەينەك ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ، ئەمما سېھىرلىك ئەينەكتە سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ.

— نېمە ئۇچۇن؟ — ۋارقىراپتۇ مەلىكە بىچارە كېنىزەكلىرىنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ.

— بەلكىم مەملىكەت ئەھلىنىڭ ماختاش - مەدھىيەلىرى توختاپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك، — دە دەپتۇ كېنىزەكلەر ئەمدى يۈرەكئالدىلىق بىلەن.

— ئەمدى مېنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىردەك

ماختىسۇن، ــ دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ مەلىكە تەقەززالىق بىلەن، ــ شائىرلار شەنىمگە قەسىدە، ناخشىچىلار مەدھىيە ناخشىلىرى ئوقۇسۇن.

مەملىكەت خەلقى بىردەك پەرمانغا بىنائەن ئەڭ گۈزەل، ئەڭ شېرىن - لەزىز سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئۇنى ماختاشقا باشلاپتۇ، شائىرلار ئۇنىڭ شەنىگە تىنماي قەلەم تەۋرىتىپ، ئۇزۇن - ئۇزۇن قەسىدىلەرنى يېزىشىپتۇ. ناخشىچىلارمۇ ئەڭ يېقىملىق ئاھاڭلاردا مەدھىيە ناخشىلىرى ئوقۇشقا باشلاپتۇ … ئەمما زەررىچە ئۈنۈمى بولماپتۇ.

ــ ھۇ يارىماسلار، ــ تاقىتى تاق بولۇپ، ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك بولغان مەلىكىنىڭ غۇنچىدەك لەۋلىرىدىن ئەمدى تىل - ھاقارەت يېغىشقا باشلاپتۇ، چۈنكى ئۇ بۇلار مېنى چىن كۆڭلىدىن ۋە يېتەرلىك ماختىمىدى، ھەممىسى گۈزەللىكىمگە ھەسەت قىلىدۇ، سەتلىشىپ قېلىشىمنىلا تىلەيدۇ، دەپ قارىغان ئىكەن.

بۇ قىلىقى بىلەن ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپتۇ. ھېسداشلىقلاردىنمۇ ئايرىلىپتۇ. ماختاش - مەدھىيەلەرمۇ، توختىماي يېزىپ تۇرغان قەلەملەرمۇ، ياڭراۋاتقان ناخشا - قوشاقلارمۇ چىپپىدە توختاپتۇ، ھەممە تىمتاسلىق قوينىغا چۆمۈپتۇ، قەھر - غەزىپى قايناپ تاشقان مەلىكىنىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق تۇس ئاپتۇ، شۇ تاپتا «ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ» دېگەندەك يەنىلا ھاكاۋۇرلۇق بىلەن

غادىيىۋالغان، مەنسىتمەسلىك كۆلكىسى جىلۋىلەپ تۇرغان لەۋلىرى پۈرۈشۈپ، قاش ـ قاپاقلىرى سۈزۈلگەن، تەلەتى شۇنداق سۆرۈن ۋە كۆرۈمسىزلىشىپ كەتكەن ئىكەن.

دەل شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى توۋلىۋېتىپتۇ: ئەنە كۆرۈندى، قاراڭلار مەلىكە ئەينەكتە كۆرۈندى.

ھەممە بىردەك ئەينەككە قاراپتۇ. مەلىكىمۇ كىشىلەر توپىنى قوپاللىق بىلەن يېرىپ ئۆتۈپ، سېھىرلىك ئەينەككە قاراپتۇ. راستتىنلا سېھىرلىك ئەينەكتە ئۆزىنى كۆرۈپتۇ، بىراق گۈزەل ھالەتتە ئەمەس، بەلكى بەتبەشىرە بىر ھالەتتە كۆرۈپتۇ. چۈنكى ئۆزىنى ئەينەكنىڭ ئوڭ يۈزىدە ئەمەس سول يۈزىدە كۆرۈپتۇ. سېھىرلىك ئەينەكنىڭ سول يۈزى بولسا جاھاندىكى ئەڭ سەت مەلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن.

خېلى ئۇزاقتىن بېرى ھېچكىمنىڭ سىماسى كۆرۈنمەي كىشىلەر ئۈنتۈپلا قالغان سېھىرلىك ئەينەكنىڭ سول يۈزى ئاخىرى ھەممە كىشىنى ئەجەبلەندۈرۈپ، ئىلگىرىكى ئەڭ گۈزەل مەلىكىنى كۆرسىتىپتۇ.

— ياق، ياق، — توۋلاپتۇ مەلىكە، — ئۇ ساختا ئەينەك، ئۇ گۈزەلنى سەت كۆرسىتىدىغان ئەينەك.

ئۇ شۇنداق توۋلىغىنىچە يەردىن بىر تاشنى ئېلىپ ئەينەككە ئۇرۇپتۇ. ئەينەك چۇل ـ چۇل بولۇپ چېقىلىپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپتۇ، بىراق ئۇنىڭ ھەربىر پارچىسى يەنىلا سول يۈزى ئاسمانغا قارىغان ھالدا يەرگە چۈشۈپ مەلىكىنىڭ ئوبرازىنى

تېخىمۇ يىرگىنچلىك بىر ھالەتتە كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

مەلىكە جان ـ جەھلى بىلەن ئەينەك پارچىلىرىنى دەسسەپتۇ، چەيلەپتۇ. بىراق يانجىپ بولالماپتۇ، ساق قالغان ئەينەك پارچىلىرىدا يەنىلا ئۆزىنىڭ يىرگىنچلىك ئوبرازىنى كۆرۈپتۇ، بەلكى مەسخىرە كۈلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇرغان بىر ھالەتتە كۆرۈپتۇ، ئاخىرى ئۇ ئاچچىق يۇتۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئېسىل كىيىملىرى، زىبۇ ـ زىننەتلىرى توپىغا مىلىنىپ، رەسۋاسى چىقىپتۇ. پەردازلانغان يۈزلىرىگە چاڭ ـ توزانلار قونۇپتۇ، شۇ ھالىتىدە خىزمەتچىلىرى ئۇنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا، خاس قەسىرىگە ئەكىرىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ئېچىنىش تۇيغۇلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە ئۆز قەسىرىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولالماپتۇ، ھەم ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەپتۇ، ئۇ ھامان كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىشنى ئۈمىد قىپتۇ، لېكىن بۇ پەقەتلا مۇمكىن بولماپتۇ، چۈنكى سېھىرلىك ئەينەك كىشىلەر قەلبىگە كۆچۈپ ئورنىشۋالغان ئىكەن، ئۇنىڭ بىر يۈزىدە مەلىكىنىڭ ئەڭ گۈزەل ھالىتى، يەنە بىر يۈزىدە ھامان ئەڭ يىرگىنچلىك قىياپىتى نامايان بولۇپ تۇرىدىكەن.

# شاھزادە دىلمۇرات ـ مەلىكە دىلخۇمار

(چۆچەك)

بار ـ يوقلۇقى نامەلۇم قەدىمى قۇمكەنت قەلئەسىدە بىر زالىم پادىشاھ بار ئىكەن. ئاجايىپ سېھرىي كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە تايىنىپ ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلار ئىكەن. ئۇنىڭ يېشى 60 تىن ھالقىغان ۋە نىكاھلىق 60 خوتۇنى، نىكاھسىز نۇرغۇن خوتۇنلىرى، كېنىزەكلىرىمۇ بار ئىكەنۇ، لېكىن يەنە گۈلكەنت قەلئەسىدىكى مەلىكە دىلخۇمارغا ئاشىق ئىكەن.

مەلىكە دىلخۇمار شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، قۇياشتەك نۇرلۇق ھۆسن ـ جامالىدىن 40 قەدەم يىراقلىقتىچە شولىسى چۈشۈپ تۇرار ئىكەن. ئۇنىڭ تەسۋىرىگە تىل ئاجىز ۋە قەلەم زەئىپ كېلەركەن. خۇسۇسەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى گەۋھىرىدە يەنە شۇنداق ئىككى مۆجىزىلىك خىسلەت بار ئىكەنكى، كۈلسە ئەتراپىدا گۈللەر ئۈنۈپ ئېچىلۇر ۋە يىغلىسا ياش ئورنىدا ئۈنچە ـ مەرۋايىت تۆكۈلۈر ئىكەن. زالىم شاھ بولسا مەلىكىنىڭ گۈزەللىكىدىنمۇ بەكرەك ئىككىنچى خىسلىتىگە چىن ئاشىق ئىكەن. بىراق مەلىكە دىلخۇمار بولسا قەيسەرىيە قەلئەسىنىڭ

شاھزادىسى ــ جەسۇر ئوغلان دىلمۇراتقا ئاشىق ئىكەن.

زالىم شاھ مەلىكە دىلخۇمارنى قولغا كەلتۈرمەك ئۈمىدى بىلەن نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار كۆتۈرۈپ 40 كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنى گۈلكەنت شاھى ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ، ئەمما گۈلكەنت شاھى ئەلچى ئەۋەتكۈچىنىڭ خۇي ـ پەيلى، زوراۋان ـ زالىملىقىدىن خەۋەردار بولغاچ يىرگىنىش ئىچىدە ئەلچىلەرنى ئەكەلگەن سوۋغاتلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆزرە بىلەن قايتۇرۇپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن مەلىكىنى شاھزادە دىلمۇراتقا تويلاپ بېرىپ، بىر دەردى ـ بالادىن قۇتۇلماق كويىغا چۈشۈپتۇ.

زالىم شاھ ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن رەت قىلىش جاۋابىنى ئاڭلاپ، قەھر ـ غەزەپتىن قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، رەڭگى ئۆڭۈپ، تاتىرىپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كېتىپتۇ ـ دە، دەرھال گۈلكەنت قەلئەسىگە لەشكەر باشلاپ باستۇرۇپ بېرىش خىيالىدا بوپتۇ ـ يۇ، لېكىن يەنە ئاۋارىچىلىق تارتىپ قېلىشنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇچار گىلىمىگە ئولتۇرۇپلا كۆككە پەرۋاز قىپتۇ.

بىر سائەت ئۇچۇپتۇ، ئۆز قەلئەسىدىن 10 كۈنلۈك نېرىدىكى گۈلكەنت قەلئەسى ئاسمىنىغا يېتىپتۇ. تۆۋەنلەپ چاھار باغ ئۈستىگە كەلگەندە گۈل سەيلىسى قىلىپ يۈرگەن مەلىكە دىلخۇمارنى بىر قولى بىلەن قۇشقاچنى تۇتقاندەكلا بېلىدىن قارماپ تۇتۇپ ئېلىپ قېچىپتۇ. كېنىزەكلەر: «ۋاي مەلىكىنى بۇلاپ قاچتى» دەپ تىۋۋلاشقىنىچە قۇتقۇزۇشقا ئامالسىز كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ قاپتۇ.

زالىم شاھ شۇنداق قىلىپ مەلىكە دىلخۇمارنى بۇلاپ ئەكەتىپتۇ. لېكىن ھېچبىر چارە بىلەن مەلىكىنى ئۆزىگە خوتۇن بولۇشقا كۆندۈرەلمەپتۇ، ساندۇق ـ ساندۇقلاپ ئېسىل كىيىملەر بولسۇن ۋە ياكى پەتنۇس ـ پەتنۇسلاپ ئالدىغا قويۇلغان لەئلى ـ ياقۇت ۋە ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى بولسۇن ھېچبىرىگە كۆز قىرىنى سالماپتۇ. ئۇرۇش ـ قامچىلاشلارمۇ ئۇنى بوي ئەگدۈرەلمەپتۇ. ئاقىۋەت زالىم شاھ ئۇنى زەر قەپەسكە سېلىپ، تورۇسقا ئېسىپ قويۇپتۇ. گۈزەل ھۆسنىگە قاراش ۋە يىغلىغاندا كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى تېرىۋېلىش بىلەن كۆڭلى ئارام تېپىپتۇ.

نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، مەلىكىنىڭ ئاھۇ زارى پەلەككە يېتىپ، بۇلۇتلار ئېرىپ يامغۇر بولۇپ تۆكۈلۈپتۇ. ئوردا ـ ساراي زىلزىلىگە كېلىپ، سېپىلدەك قېلىن تاملىرىمۇ چاك ـ چاك يېرىلىپتۇ، لېكىن زالىم شاھنىڭ تاشتەك يۈرىكى يۇمشىماپتۇ، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى ئاخىرى قەپەسنىڭ تورۇسقا ئېلىنغان زەنجىرىمۇ ئۈزۈلۈپ، قەپەس مەرمەرتاشتىن ياسالغان تەخت سۇپىسىغا چۈشۈپتۇ. قەپەز شادىلىرى سۇنۇپتۇ. مەلىكە دەرھال قەپەستىن چىقىپ يەڭگىل قەدەملىرى بىلەن تىۋىشسىز مېڭىپ، ياساۋۇللار ئويغانغىچە ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شەھەر سىرتىغىمۇ قېچىپ چىقىپتۇ. يول بىلمىگەچ بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە كېتىۋېرىپتۇ.

شۇنداق كېتىۋېتىپ بىر تاغ باغرىغا يېتىپتۇ. شۇ چاغ

ئارقىدىن «توختا مەلىكەم» دەپ توۋلىغان سادا كەپتۇ، قارىسا زالىم شاھ قوغلاپ كېلىۋاتقان، يېتىۋالايلا دەپ قالغان.

مەلىكە دىلخۇمار چۆچۈپ ـ ئەندىكىپ تۇرۇپ كېتىپ ئاخىرى تاغقا يېلىنىپ مۇنداق دەپتۇ:

يېرىلغىن تاغ، يېرىلغىن،
مەن قوينۇڭغا كىرىۋالاي.
زالىم شاھتىن قۇتۇلۇپ،
تىنچ يۇرتۇمغا كېتىۋالاي.

شۇ ھامان تاغ يېرىلىپتۇ. مەلىكە ئىككىلەنمەستىن تاغ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. تاغ يەنە ئەسلىگە كەپتۇ. زالىم شاھ يېتىپ كېلىپلا تووۋلاپتۇ: «مەلىكەمنى تېز چىقىرىپ بەر، بولمىسا سېنى غۇلىتىپ تۈزلىۋېتىمەن.»

تاغدىن بولسا ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئەكس سادالىسلا يېنىپتۇ، غەزەپتىن كۆزلىرى پىيالىدەك چەكچىيىپ كەتكەن زالىم شاھ تاغنى بىر تەپكەن ئىكەن، تاغ يەنە يېرىلىپتۇ. مەلىكە يەنە بىر تەرەپتىن چىقىپ قېچىپتۇ. زالىم شاھمۇ يېرىقتىن ئۆتۈپ قوغلاي دېگۈچە تاغ يەنە ئەسلىگە كېلىپ ئۇنى ئۆتكۈزمەپتۇ. زالىم شاھ ئەمدى بىرلا سىلكىنگەن ئىكەن غايەت زور گىگانت ئادەمگە ئايلىنىپتۇ. كېلەڭسىز ۋە يوغان پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ تاغنى تېپىپ، غۇلىتىپ تۈزلەپ ئاندىن يەنە ئەسلىگە يېنىپلا

قوغلاشنى داۋام قىپتۇ.

مەلكە بار كۈچى بىلەن قىچىپ، قىچىپ بىر دەرياغا يولۇقۇپتۇ، قانداق ئۆتۈشنى بىلمەي ھودۇقۇپ تۇرغىنىدا كەينىدىن يەنە زالىم شاھنىڭ: «ئەمدى قاچالمايسەن!» دېگەن دەھشەتلىك ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. مەلىكە دەرھال دەرياغا قاراپ يىلىنىپ مۇنداق دەپتۇ:

بۆلۈن دەريا، بۆلۈنگىن،
ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈۋالاي.
زالىم شاھتىن قۇتۇلۇپ،
يۇرتۇمغا تىنچ كېتىۋالاي.

دەريا سۈيى دەرھال يېرىمى بۆلۈنۈپ ئوتتۇرىدىن يول ئېچىلىپتۇ. مەلىكە قورقماي دەريا ئېچىپ بەرگەن يولغا كىرىپتۇ. ئەمدىلا قارشى قىرغاققا يېتىشى زالىم شاھمۇ دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. دەريا سۈيى شۇ ھامان قوشۇلۇۋېلىپ ئارىنى توسۇۋاپتۇ.

ــ ھەي دەريا، ماڭىمۇ يول بەر، بولمىسا سۈيۈڭنى قۇرۇتۇۋېتىمەن، ــ دەپ ھۆركىرەپتۇ زالىم شاھ.

بىراق دەريادىن شاۋقۇن ساداسىدىن باشقا سادا كەلمەپتۇ، غەزەپلەنگەن شاھ ئەمدى دەرياغا قوۋزىنى تازا كۆپتۈرۈۋېلىپ پۈۋلىگەن ئىكەن، دەريا سۈيى يۇقىرى ئېقىنغا تۈرۈلۈپ يېتىپ

كېتىپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى دەريا قىنى قۇرۇپ كېتىپتۇ. زالىم شاھ شۇ يەردىن ئۆتۈپ قوغلاشنى داۋام قىپتۇ.

مەلىكە قېچىپتۇ، قېچىپتۇ، ئەمدى شاخ ـ يىلتىزلىرى گىرەلىشىپ زىچ ئۆسكەن ۋە ئارىسىغا كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان بىر قەدىمىي ئورمانغا دۇچ كەپتۇ. بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي تېنەپ تۇرغىنىدا يەنە كەينىدىن: «ئەمدى تۇتۇۋالىمەنغۇ» دېگەن يىرگىنچلىك سادا كەپتۇ. زالىم شاھ يېقىنلاپ قالغانىكەن.

مەلىكە ئەمدى ئورمانغا يېلىنىپ مۇنداق دەپتۇ:

ماڭا بىر يول بەر ئورمان،
ئۇ يانغا تېز ئۆتۈۋالاي.
زالىم شاھتىن قۇتۇلۇپ،
يۇرتۇمغا تىنچ كېتىۋالاي.

شۇ ھامان دەل ـ دەرەخلەر ئىككى چەتكە بۆلۈنۈپ ئورمان ئىچىدە داغدام بىر يول ھاسىل بوپتۇ، مەلىكە دىلخۇمار شۇ يول بىلەن مېڭىپ كېتىپتۇ، كەينىدىن دەرەخلەر يەنە زىچلىشىپ ئەسلىي ھالىتىگە يېنىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئەمدىلا ئورماندىن چىقىپ كېتىشى زالىم شاھمۇ ئورماننىڭ يەنە بىر چېتىگە يېتىپ كەپتۇ ـ دە، ئورمانغا ھۆركىرەپتۇ:

ــ ھەي ئورمان، ماڭىمۇ يول بەر، بولمىسا دەسسەپ ـ

چەيلىۋېتىمەن.

بىراق ئورماندىن يوپۇرماقلارنىڭ شامالدا شىرىلدىغان ساداسىلا كەپتۇ، غەزەپلەنگەن زالىم شاھ يەنە بىر سىلكىنىپ گىگانت ئادەمگە ئايلىنىپ، ئورماننى دەسسەپ ـ چەيلىگەن ئىكەن، دەرەخلەر تىكەن بولۇپ تاپانلىرىغا سانجىلىپ، قانلىرى ئېرىق بولۇپ ئېقىپتۇ. جېنىنى قاقشىتىپتۇ، ئامالسىز ئولتۇرۇپ تاپىنىدىكى تىكەنلەرنى يۇلۇپ تاشلىغاندىن كېيىن ئەپسۇن بىلەن ئۇچار گىلەمنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئۈستىگە ئولتۇرۇپتۇ، ئورمان ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ تېزلا مەلىكىگە يېتىشىۋاپتۇ.

ئۇنى كۆرگەن مەلىكە دىلخۇمار ئۈمىدسىزلىكتە ئاھ ئۇرۇپ:

قايدا يار، كەل بۇيان،
مەن گۈلۈڭنى ئۈزۈۋال.
يات قولىدا چەيلىنىپ،
توزۇماستا قىسىۋال.

دەپ پەرياد قىپتۇ.

ئۇنىڭ نالە ـ پەريادى دىلبەرنى ئىزدەپ قۇمكەنت قەلئەسى تەرەپكە كېلىۋاتقان شاھزادە دىلمۇراتنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ، شاھزادە دىلمۇرات شۇ ھامان دۇلدۇلغا ئارتۇقچە بولسىمۇ يەنە قامچا ئۇرۇپ، قۇيۇندىن تېز چاپتۇرۇپ، زالىم شاھ ئالدىغا يېتىپتۇ، زالىم شاھ بۇ چاغدا مەلىكىنى تۇتۇپ، بىر خالتىغا

سولاپ، خالتا ئاغزىنى بوغۇچلاۋاتقان ئىكەن.

شاھزادە دىلمۇرات: «تارت قولۇڭنى مەلئۇن» دەپ توۋلىغىنىچە، قىلىچ ئوينىتىپ زالىم شاھقا ھۇجۇم قىپتۇ، زالىم شاھ ھەم دەرھال قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇپتۇ، ئاريدا دەھشەتلىك جەڭلەر بوپتۇ، لېكىن شاھزادە دىلمۇراتنىڭ باتۇرلۇقى ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمىگەن زالىم شاھ ئاخىرى يەنە بىر سىلكىنىپلا گىگانت ئادەمگە ئايلىنىپ، بىر شاپىلاق ئۇرغان ئىكەن، سېھرىي كۈچنىڭ زەربىسىدە شاھزادە دىلمۇرات دۈلدۈلى بىلەن قوشۇلۇپ، نەچچە كۈنلۈك يىراقلىققا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

زالىم شاھ خالتىنى كۆتۈرۈپ ئەمدىلا كەينىگە ياناي دەپ تۇرۇشى كۆكتىن بىر چوڭ بۈركۈت ئوقتەك شۇڭغۇپ چۈشۈپ خالتىنى چاڭگاللاپ كۆتۈرۈپ قېچىپتۇ. زالىم شاھ ئۇچار گىلەمگە ئولتۇرۇپ كەينىدىن قوغلاپتۇ، يېتىشۋالاي دېگەندە بۈركۈت يەنە تۆۋەنگە شۇڭغۇپ يەرگە قونۇپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ، زالىم شاھمۇ يەرگە قونۇپ سېھرىي كۈچى بىلەن يەرگە بىرلا تەپكەنىكەن. يەر يېرىلىپتۇ، لېكىن يېرىقتىن بىر تال يا ئوقى غۇيۇلداپ چىقىپ بىخۇد تۇرغان زالىم شاھنىڭ ئوڭ كۆزىگە قادىلىپتۇ، زالىم شاھ قاتتىق ئاھ! تارتقىنىچە كۆزىنى تۇتۇپ يەرگە يىقىلىپتۇ، جان قۇشى تەن قەپىسىدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ، زالىم شاھ سەكرات ئىچىدە قاپتۇ، يەردىن بولسا ئوقيا تۇتقان ئاجايىپ كېلىشكەن قامەتلىك بىر بەرنا

يىگىت چىقىپ بۇركۇتكە ئۆزگىرىپتۇ ـ دە، خالتىنى چاڭگاللىغىنىچە يەنە كۆككە پەرۋاز قىپتۇ.

ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، قانچىلىك ئۇچقىنى نامەلۇم ئاخىرى پەرىلەر شەھىرىگە بېرىپ توختاپتۇ. شاھ ئوردىسىغا قونۇپتۇ. ئۇ ئەسلى پەرىلەر شاھىنىڭ ئوغلى ئىكەن، يەر يۈزىدىكى ساياھىتىدە ئىككى كىشىنىڭ بىر خالتىنى تالىشىپ جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقانلىقى ئۈستىگە كېلىپ قېلىپ، قىزىقىش تۈپەيلى زالىم شاھتىن خالتىنى تارتىۋېلىپ ئېلىپ قاچقان ئىكەن.

شاھزادە خاس ھەرىمىگە كىرىپلا خالتا ئاغزىنى ئېچىپتۇ، شۇ ھامان خالتا ئىچىدىن چېھرى تاڭ قۇياشىدەك نۇرلۇق ۋە گۈزەل مەلىكە دىلخۇمار چىقىپتۇ. پەرىلەر شاھزادىسى ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ئىشق كەمىرىگە ئىلىنىپ، ئەقلىدىن ئېزىپتۇ ـ دە، ئاشىق شەيدالىقىنى بىلدۈرۈپ، شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە رام قىلماقچى بوپتۇ. ئەمما مەلىكە دىلخۇمار بولسا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى سىلىق رەت قىلىپ ئۆزىنى يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىپتۇ.

شۇ چاغ شاھزادە ھەرىمىگە ئاجايىپ ساھىبجامال بىر ھۆر ـ پەرى جىلۋە ـ ناز بىلەن كىرىپ كەپتۇ. بىراق مەلىكە دىلخۇمارغا مەھلىيا بولۇپ قاراپ ئولتۇرغان شاھزادە ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويماپتۇ، پەرى قىز بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلماي ئايدەك چېھرى تۇتۇلۇپ، غەزەپ تۇمانلىرى قاپلىغان ھالدا يېنىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي كەڭ دېرىزىدىن بىر لاچىن شۇڭغۇپ كىرىپتۇ ـ دە، مەلىكە دىلخۇمارنى پەنجىسىدە قامالالاپ تۇتقانچە ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. تېزلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ، پەرى شاھزادە قوغلاي دېگۇچە كۆزدىن يىتتۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئەلقىسسە لاچىن يەنە بىر ئوردا سەيناسىغا قونۇپ، ھېلىقى پەرى قىزغا ئايلىنىپتۇ ـ دە، مەلىكە دىلخۇمارغا غەزەپ قىلىپ: «سەن مېنىڭ ئاشىقىمنى ئۆزۈڭگە قارىتىۋاپسەن. ئەمدى بېشىڭغا شۇنداق كۈلپەتلەر سالايكى، دەرد ـ ئەلەم ئازابىنى سەنمۇ تېتىپ كۆر.»

ئارقىدىن ئۇ يەنە كېنىزەك پەرىلەرگە پەرمان قىپتۇ:

ــ بۇ گۈزەللىك گۈلشەنىنىڭ گۈلى رەناسىنى ئوتقا تاشلاڭلار، سەرۋىدەك قامىتى كۆيۈپ كۆسەي بولسۇن، قۇياشتەك نۇرلۇق، گۈزەل چېھرى ھەم پۇچىلىنىپ قارا كۆمۈرگە ئايلانسۇن، كۆرۈپ باقايكى نەۋرە ئاكام ئۇنى شۇ ھالەتتىمۇ ياخشى كۆرەمدىكەن.

كېنىزەك پەرىلەر شۇ ھامان گۈلخان ھازىرلاپ، مەلىكە دىلخۇمارنى ئوتقا تاشلاپتۇ، بىراق بىگۇناھ مەلىكىنىڭ نە ئۆزى، نە بىر كىيىمى بولسۇن ئوت كۆيدۈرمەپتۇ، كېنىزەكلەر ئەمدى پەرمان بويىچە ئۇنى قامچىلاپتۇ، لېكىن قامچا مەلىكە دىلخۇمارغا تەگكەن بىلەن ئاغرىق ئازابىنى ئۆزلىرى ھېس قىپتۇ، گويا ئۆزىنى ئۆزى قامچىلىغاندەكلا بىر ئىش بوپتۇ. ئارقىدىن قىلىچ ئۇرۇپتۇ. بىراق قىلىچ ھەم كار قىلماپتۇ. تەگكەن يېرى

قىزىرىپمۇ قويماپتۇ.
بۇ ئىشلاردىن قورسىقى كۆپۈپ، ئاچچىقىدا تېخىمۇ يېرىلغۇدەك بولغان پەرى قىز بۇ يەردىن چىقىپ مومىسى ئالدىغا كىرىپتۇ، ۋە يىغلاپ تۇرۇپ بار ئەھۋالنى بايان قىپتۇ.
موماي ئۇنى بەزلەپ دەپتۇلەركى: «ساڭا بىر تال خىسلەتلىك گۈل بېرىمەن، ئۇنى پۇرىغان كىشى دەرھال ئۇخلايدۇ. ئويغانغاندا بولسا ئۆزىگە تۇنجى قېتىم يولۇققان قىزنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، شۇ يول بىلەن نەۋرە ئاكاڭنىڭ دىلىنى ئۆزۈڭگە مايىل قىلارسەن، ھەرگىز بىئارام بولما.»
پەرى قىز خۇشال بولۇپ، موماي بەرگەن بىر تال خىسلەتلىك گۈلنى ئېلىپ شاھزادىنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ.
پەرىلەر شاھزادىسى مەلىكە دىلخۇمارنى يوقىتىپ قويغىنىغا غەمكىن بولۇپ، نېمە قىلىش ھەققىدە ئويلىنىپ ئولتۇرغان ئىكەن، پەرى قىز گۈلنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ:
— بۇنى پۇرىسىڭىز قايغۇڭىز يەڭگىللەپ، كۆڭلىڭىز ئارام تاپىدۇ، — دېگەنىكەن. شاھزادە گۈلنى ئېلىپ پۇراپتۇ، شۇ ھامان شېرىن ئۇيقۇ ئۇنى ئۆز باغرىغا ئاپتۇ، پەرى قىز ئۇنىڭ بېشىدا ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.
بىر چاغلاردا شاھزادە ئويغىنىپتۇ، بېشىدا قاراپ ئولتۇرغان نەۋرە سىڭلىسىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، شۇ ھامان قەلبىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىشتىياق ئوتى يېنىپ بەلكى تېزلا ئۇلغىيىپ، ئاخىرى ئۆزىنى تۇتالماي، ئەڭ شېرىن ـ شېكەر سۆزلەر بىلەن كۆڭلىنى

ئىزھار قىلىشقا باشلاپتۇ.

— ئەي ئۇجمە كۆكۈل، — دەپتۇ پەرى قىز ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ، — ئىلگىرى بىر مېنىلا ياخشى كۆرەتتىڭىز، مەنمۇ سىزنى جاندىن ئەزىز بىلەتتىم، بىراق ھېلىقى ئادەمزات مەلىكىسىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ماڭا كۆز قىرىڭىزنىمۇ سالماس بوپسىز، ئەمدى يەنە ماڭا كۆكۈل ئىزھار قىلىۋاتىسىز. بۇ قانداق قىلىق، مەن سۆزلىرىڭىزگە قانداقمۇ ئىشەنچ قىلاي.

شاھزادە خىجىل بولۇپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ ۋە ئەمدى ئۇنىڭدىن باشقىغا كۆكۈل بەرمەسلىككە قەسەم قىپتۇ.

پەرى قىز بۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ، ئۇنى ئۆز ئوردىسىغا باشلاپ كەپتۇ ـ دە، مەلىكە دىلخۇمارنى كۆرسىتىپ:

— سۆزىڭىز راست بولسا ھازىرلا جاندىن جۇدا قىلىڭ، — دەپتۇ شاھزادىگە.

— ئۇنى ماكانىغا ئاپىرىۋېتەيلى، — دەپتۇ شاھزادە، — ئۇنىڭدا قىلچە سەۋەنلىك يوق.

— ئۇ تىرىكلا بولسا يەنە گۈزەل ھۆسنى بىلەن ئازغۇن كۆڭلىڭىزنى رام قىلىۋالىدۇ، — دەپتۇ پەرى قىز، — شۇڭا ھازىرلا ئۇنى يوق قىلىشىمىز كېرەك. سىز خالىمىسىڭىز مانا مەن قىلىمەن، ئۇنى كۆك قەھرىدىن يەرگە تاشلايمەن.

شاھزادە كۆپ نەسىھەتلەر قىلىپ توسۇپتۇ، پەرى قىز كۆنمەپتۇ، ئۇلار شۇنداق تالىشىپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز ئۇچار

گىلەمگە ئولتۇرغان يەكچەشمە زالىم شاھ پەيدا بولۇپ، مەلىكە دىلخۇمارنى تۇتۇپلا بىر تاغارغا تىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن چۇس مىجەزلىك پەرى قىز:

— ھەي بىئەدەپ، پەرىلەر ئوردىسىدىن ئادەم بۇلاشقا قانداق پېتىندىڭ، — دەپ توۋلىغىنىچە بىر تال چېچىنى قىلىچقا ئايلاندۇرۇپلا ھۇجۇم قىپتۇ، زالىم شاھ بولسا: «پاھ، پاھ، يەنە بىر گۈزەلنى قولغا چۈشۈرىدىغان بولدۇم، گويا كۈن بىلەن ئاي تەڭلا قوينۇمغا چۈشكەندەك بىر ئىش بولىدىغان بولدى - دە» دېگىنىچە پەرى قىزنىڭ قىلىچىنى قىلىچ بىلەن توسۇپ تۇرۇپ، بىر قولىنى سوزۇپلا ئۆزىنى نازۇك بېلىدىن قارماپ تۇتۇپلا تاغىرىغا تىقىپتۇ - دە، ئۇچار گىلەم بىلەن غويۇلداپ قېچىپتۇ. شاھزادە بىلەن كېنىزەكلەر دەرھال قوغلاپتۇ - يۇ، لېكىن يېتەلمەي تېزلا كۆزدىن يىتتۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئەلقىسسە، يەكچەشمە زالىم شاھ ئىككى مەلىكىنى تاغىرىغا تىقىپ شۇ قاچقانچە ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ بېرىپ ئۆز ئوردىسىغا قونۇپتۇ. مەلىكىلەرنى تاغاردىن چىقىرىپتۇ، لېكىن ھېچبىرىدىن مۇرادىنى ھاسىل قىلالماپتۇ. تۈرلۈك - تۈمەن ھىيلە - مىكىر ۋە ئازاب - كۈلپەتلىك تەدبىرلەر ئىشلىتىپتۇ. لېكىن، ھېچبىرىنى بوي ئەگدۈرەلمەپتۇ، ئاقىۋەت يەنە ھۆسن - جامالىنى بولسىمۇ كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىككى زەر قەپەسكە بەند قىلىپ ساراي تورۇسىغا ئېسىپ قويۇپتۇ.

ئارىدىن نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى بىرلا ۋاقىتتا بىر -

بىرىدىن چىرايلىق ۋە بىر ـ بىرىدىن جاسارەتلىك ئىككى يىگىت ئوردا ئالدىغا هازىر بوپتۇ، ئۇلاردىن بىرى شاهزادە دىلمۇرات ۋە يەنە بىرى پەرىلەر شاهزادىسى ئىكەن.

هەر ئىككىلىسى ئۆز مەهبۇبلىرىنى قۇتقۇزۇش كويىدا قىلىچ يالىڭاچلاپ كېلىشكەن ئىكەن.

ئۇلار ئالدى بىلەن ئوردا ياساۋۇللىرىغا هەملە قىپتۇ، دەهشەتلىك جەڭلەردىن كېيىن نەچچە ئون ياساۋۇلنىڭ بېشى كېسىلىپ، قالغىنى هەر تەرەپكە قېچىپتۇ. شاهزادىلەر بىرلىكتە زالىم شاهنىڭ سەلتەنەتلىك قەسرىگە بېسىپ كىرىپتۇ. ئاندىن بىر قاپاقنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ تۇرغان يەكچەشمە زالىم شاهنى كۆرۈپتۇ.

شاهزادىلەر هۇجۇم قىلغۇچە يەكچەشمە شاھ قاپاقنى شاپىلاقلىغان ئىكەن، هەر شاپىلاق بىلەن تەڭ قاپاقتىن تولۇق قوراللانغان بىر ياساۋۇل سەكرەپ چىقىپ شاهزادىلەر بىلەن جەڭ قىپتۇ. شاهزادىلەر بۇ ياساۋۇللارنى يوقىتىپ تۇرۇپتۇ، لېكىن بىرىنى يوقاتسا ئورنىغا يەنە ئىككىسى كېلىپ جەڭنى داۋام قىپتۇ. ئاقىۋەت بىر كېچە ـ كۈندۈزلۈك جەڭدىن كېيىن شاهزادىلەر هالسىراپ يىقىلايلا دەپ قاپتۇ.

شۇ چاغ بولۇۋاتقان جەڭگە قاراپ، ئىچى تىتىلداپ ئولتۇرغان پەرى قىز بىر تال چېچىنى يۇلۇپلا ئوقياغا ئايلاندۇرۇپ، تەڭرىدىن مەدەت تىلىگىنىچە قاپاققا قارىتىپ بىر ئوق ئۈزگەن ئىكەن، يا ئوقى بېرىپ قاپاقنىڭ بىر تەرىپىدىن تېشىپ

كىرگەنچە يەنە بىر تەرەپتىن چىقىپ كېتىپتۇ، شۇ ھامان قاپاقنىڭ سېھرىي خىسلىتى يوقىلىپ، ئەمدى ئىچىدىن بىرمۇ ياساۋۇل چىقماپتۇ. شاھزادىلەر بۇ ئىشتىن روھلىنىپ، غەيرىتى قايتا جۇش ئۇرۇپ، ياساۋۇللاردىن بىرىنى قويماي يىغىشتۇرۇپتۇ ـ دە، زالىم شاھقا ھۇجۇم قىپتۇ.

يېگانە قالغان زالىم شاھ بىر سىلكىنىپلا گىگانت ئادەمگە ئايلىنىپ يوغان پۇتلىرىنى كۆتۈرگىنىچە شاھزادىلەرنى دەسسەپ ـ چەيلىمەك بولغان ئىكەن. تۆۋەندىن بىر جۈپ يا ئوقى تەڭلا غۇيۇلداپ چىقىپ ئۇنىڭ قالغان بىر كۆزىگە قادىلىپتۇ. زالىم شاھ دەھشەتلىك ۋايسىغىنىچە سېھرىي قىياپىتىدىن يېنىپ، ئەسلىي ھالىتى بىلەن يىقىلىپتۇ. جېنى جەھەننەمگە سەپەر قىپتۇ. ئىككى شاھزادە ئەمدى ئوقيالىرىنى تاشلاپ، ئۆز مەھبۇبلىرىنى قەپەستىن چىقىرىشىپتۇ ـ دە، ئۆمۈرلۈك ياخشى دوستلاردىن بولۇشقا ۋەدىلىشىپ خوشلىشىپتۇ.

ئاندىن پەرىلەر شاھزادىسى بىلەن پەرى قىز بىر جۈپ قۇشقا ئايلىنىپ، كۆككە پەرۋاز قىپتۇ. شاھزادە دىلمۇرات بىلەن مەلىكە دىلخۇمار بولسا ئىككى ئاتقا مىنىپ، ئۆز شەھىرى تامان يول ئاپتۇ، شەھەر خەلقى بولسا زالىم شاھنىڭ ئۆلۈمگە تەنتەنە قىلىشىپ، ئاشىق ـ مەشۇقلارنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، يول ئۇستىدە يىلان باشلىق ھاسىغا تايانغان بىر دۈمچەك كەمپىر يولۇقۇپ:

ــ ۋاي ئەزىز بالىلىرىم، مەن قېرىغا رەھىم قىلىپ

بىر دەملىك بولسىمۇ ئاتىقا ئولتۇرغۇزۇۋالساڭلارچۇ، ھېرىپ ماڭغۇدەك ماجالىم قالمىدى، ياخشىلىقىڭلارغا ياخشىلىق مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار، — دەپتۇ يىلىنىپ.

— شۇنداق قىلايلىچۇ، — دەپتۇ ئاق كۆڭۈل مەلىكە دىلخۇمار.

— مۇنداق ياشىنىپ قالغان، تېنى ئاجىز ئايال ئات ئۈستىدە قانداق ئولتۇرالار، — دەپتۇ شاھزادە دىلمۇرات دەرگۇمان بولۇپ.

شۇ چاغ موماي مەلىكە دىلخۇمار مىنگەن ئاتنىڭ قېشىغا كېلىپمۇ بوپتۇ. ھەم مەلىكىنى ھاسا بىلەن تۇرتۇپ، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپتۇ. مەلىكە شۇ ھامان يىگىنگە ئايلىنىپ قاپتۇ، موماي يىگىننى ئېلىپلا ھاسىغا مىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. تېزلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. مەھبۇبىسىنى يەنە يوقىتىپ قويغان شاھزادە دىلمۇرات قايغۇ ـ ھەسرەت ئىلكىدە بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە كېتىۋېرىپ، ئاخىرى پايانسىز بىر جەزىرىگە كىرىپ قاپتۇ. ئەمدى نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرغىنىدا تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدا چېھرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ئاپپاق ساقاللىق بىر كىشى زاھىر بولۇپ:

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ كۈلۈمسىرەپ، — مەھبۇبەڭ قاراخان قەلئەسىدە قاراخان ئوردىسىدا. قاراخان مەلىكىگە ئاشىق ئىدى. ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا ئاۋارە ئىدى، جادۇگەر ئانىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن مەلىكىنى بۇلاپ كەتتى، سەن مەلىكىنى قۇتقۇزاي دېسەڭ بىر ئامال قىلىپ قاراخاننىڭ قولىدىكى

خىسلەتلىك ئۈزۈكنى قولغا كەلتۈرگىن، ئۇ بىر شىشە كۆزلۈك مىس ئۈزۈكتۇر.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ كىشى كۆزدىن غايىب بوپتۇ، شاھزادە دىلمۇرات ئۇنىڭغا غايىۋانە تەشەككۈرلەر ئېيتىپ، دۇلدۇلنىڭ بېشىنى قاراخان قەلئەسى تەرەپكە بۇراپ، قوييۇندەك چاپتۇرۇپ، ئۈچ كۈندە ئۈچ ئايلىق يول بېسىپ ئاخىرى قاراخان قەلئەسىگە يېتىپتۇ، شەھەرگە كىرسە بىر ياساۋۇل جاڭ ئۇرۇپ:

— ئەي خالايىق، قۇلاق سېلىڭلار، كىمكى مەلىكىنى بىر كۈلدۈرەلىسە خالىغان نەرسىسى بېرىلىدۇ. كۈلدۈرىمەن دەپ كۈلدۈرەلمىسە بېشى كېسىلىدۇ، — دەپ جاكار قىلىۋاتقىدەك.

شاھزادە دىلمۇرات: «مانا مەن كۈلدۈرىمەن» دەپ ئوردىغا بېرىپتۇ، قاراخاننىڭ كېنىزەكلىرى ئۇنى مەلىكە ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئاشىق يىگىتىنى كۆرگەن مەلىكە دىلخۇمار خۇشاللىقىدىن قاقاقلاپ بىر كۈلگەن ئىكەن. ئەتراپىدىن گۈللەر ئۈنۈپ ئېچىلىپ، خۇش پۇراق ھىدلار چېچىپتۇ.

قاراخان مەلىكىنىڭ نېمە ئىشقا كۈلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنىمۇ سۈرۈشتە قىلماي شاھزادە دىلمۇراتقا دەپتۇ:

— ئەي بەختىيار يىگىت، ئۈچ كۈندىن بېرى چىراي ئاچمىغان مەلىكىنى كۈلدۈردۈڭ، كارامىتى ئاشكارا بولدى، بۇنىڭدىن چەكسىز خۇرسەنمەن. ئەمدى خىزمىتىڭ بەدىلىگە مەندىن خالىغان نەرسەڭنى سورا، مەيلى ئالتۇن ـ كۈمۈش سورامسەن، ياكى ئەمەل ـ مەنسەپ سورامسەن ئىختىيار سەندە.

شاھزادە دىلمۇرات دەپتۇ:
— ئەي كەرەملىك شاھ ئالىيلىرى قولىلىرىدىكى ئاشۇ كونا ئۈزۈكنى سورايمەن. ئۇ بىر تەۋەررۈك بولسا كېرەك. مەن شۇنداق نەرسىلەرگە بەكمۇ خۇشتار.
پىخسىق قاراخان پادىشاھ ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئالتۇن - كۈمۈش سورىماي ئاشۇ ئاددىي ئۈزۈكنى سورىغىنىدىن خۇشال بولۇپ دەرھال ئۈزۈكنى قولىدىن چىقىرىپ بېرىپتۇ، چۈنكى ئۇ ئۈزۈكنىڭ خاسىيىتىدىن بىخەۋەر ئىكەن. ئۈزۈكنى پەقەت ئانىسى «داداڭدىن قالغان تەۋەررۈك ئۈزۈك سېلىۋال» دەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا گۆھەر كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكلەر قاتارىدا قولىغا سېلىۋالغان ئىكەن.
شاھزادە دىلمۇرات ئۈزۈكنى ئېلىپلا ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.
بىراق ئەمدى نېمە قىلارىنى بىلمەي كەچكىچە تېنەپ يۈرۈپتۇ. ئاخىرى كېچە چۈشىدە يەنە ھېلىقى ئاپپاق ساقاللىق كىشى زاھىر بولۇپ: «ئەي ئوغلۇم بۇ ئۈزۈك ھەرقانداق سېھرىي جادۇدىن ساقلايدىغان خىسلەتلىك ئۈزۈك، ئەمدى بىمالال بېرىپ قاراخان بىلەن جەڭ قىل، لېكىن ئۇنى ئۆلتۈرمەي جادۇگەر موماينىڭ ھاسىسىغا ئالماشتۇر. ئاندىن ھاسىسىنى سۇندۇرۇپ تاشلا، شۇ چاغدىلا مەھبۇبەڭنى قۇتقۇزالايسەن. ساڭا زەپەر تىلەيمەن» دەپتۇ ئۇنىڭغا.
شاھزادە چەكسىز سۆيۈنۈپ ياتقان ئورنىدىن تۇرۇپتۇ،

سەۋرسىزلىك بىلەن تالڭ ئېتىشنى كۈتۈپتۇ. تالڭ بىلەن تەڭ ئوردىغا بېرىپتۇ، قىلىچ كۆتۈرۈپ ئوردىغا بېسىپ كىرىپتۇ. ئوردا ياساۋۇللىرى بىلەن جەڭ قىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان شەھەر ئەھلى دەرھال قولىغا چىققانلا نەرسىنى قورال قىلىپ ئۇنىڭغا ياردەمگە كەپتۇ. چۈنكى قاراخان بەكمۇ زالىم شاھ بولۇپ، ئەل ئۇنىڭ زۇلمىدىن جاق تويغان، نەپرىتى چېكىگە يېتىپ تاشالماي ئارانلا تۇرغان ئىكەن.

شاھزادە دىلمۇراتقا يولۇققانلا ياساۋۇل جاندىن جۇدا بوپتۇ، قالغىنى ئىسيانچى خەلقنىڭ تاياق ـ توقماقلىرى ئاستىدا جان بېرىپتۇ. چۈنكى بۇلار ھەممىسى قاراخان ئۈچۈن ئەلنى زار قاقشاتقان سادىق غالچىلار ئىكەن.

ئۇلار ئاخىرى قاراخاننىڭ خاس ھەرىمى ئالدىغا يېتىپتۇ. لېكىن شۇ چاغ خاس ھەرەم بىردىنلا ئاتەش گۇمبەزگە ئايلىنىپ قاپتۇ، كىشىلەر گاڭگىراش ئىلكىدە قارىشىپ قاپتۇ، شاھزادە دىلمۇرات بولسا ئۇنىڭ سېھرىي جادۇ ئىكەنلىكىنى پەملەپ، ھېيىقماستىن ئوت گۇمبەزگە ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئېتىپتۇ. ھېچبىر زىيان ـ زەخمەتسىز ئۆزىنى خاس ھەرەم ئىچىدە كۆرۈپتۇ. ھەرەم سەيناسىدا قاراخان پادىشاھ بىلەن دەھشەتلىك جەڭگە چۈشۈپتۇ. ئاخىرى جەسۇرلۇقى ۋە ماھارەتتە كامىللىقى بىلەن قاراخان شاھىنى بېسىپ چۈشۈپ، ئۇنى ئۆزىگە ئەسىر قىپتۇ. قىلىچ تىغىنى گېلىغا تىرەپتۇ. شۇ چاغ ئىچكىرى ھۇجرىدىن جادۇگەر موماي يۈگۈرۈپ چىقىپ دەپتۇ:

— ئەي باتۇر يىگىت، ئوغلۇمنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچكىن. مەن مەلىكەڭنى قايتۇرۇپ بېرەي، ئۇنىڭ بىر تال مويىغىمۇ تەگمىدۇق.

— ئاۋۋال قولۇڭدىكى يىلانباشلىق هاسىنى ماڭا بەر. ئاندىن ئوغلۇڭنىڭ قېنىدىن كېچىمەن، — دەپتۇ شاهزادە دىلمۇرات.

موماي ئىككىلىنىپ قاپتۇ، لېكىن ئاخىرى يەنە ئانىلىق مېهرى ئۈستۈن كېلىپ جادۇگەرلىك هاسىسىنى تاشلاپ بېرىپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ شۇ بىرلا پەرزەنتى بار ئىكەن. هەم شاهزادىگە سېهرىي جادۇ تەسىر قىلماسلىقىنى سەزگەن ئىكەن.

شاهزادە دىلمۇرات هاسىنى ئېلىپلا سۇندۇرۇپ تاشلاپتۇ، شۇ هامان ئاتەش گۈمبەز غايىب بوپتۇ. شەهەر خەلقى خاس هەرەمگە بېسىپ كىرىپ قاراخاندىن تاج ـ تەختنى تارتىۋالغاندىن كېيىن جادۇگەر ئانىسى بىلەن قوشۇپ شەهەردىن سۈرگۈن قىپتۇ، شاهزادە دىلمۇرات مەلىكە دىلخۇمارنى ئېلىپ، شەهەر خەلقىنىڭ پادىشاھ بولۇپ بېرىش تەلىپىنى سىلىققىنە رەت قىلىپ ئۆز شەهىرىگە كېتىپتۇ.

# شام بالا

## (چۆچەك)

— بۇرۇنقى زاماندا كوئېنلۇن تاغلىرى ئارىسىدىكى بۇ خىلۋەت ماكانىمىزدا مۇنداق بىر ئىش بولغانىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ موماي كەپسىز نەۋرىلىرىنى تىنچلاندۇرۇپ، — ئۇ چاغلار مېنىڭمۇ موماملىڭ مومىسىنىڭ زامانى بولسا كېرەك. شۇنىڭدىن بېرى بۇ ھەقتىكى ھېكايە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن. مەنمۇ بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن تارتىپلا ئۆز قەلبىمدە زۇلمەت ئاسمىنىدا پارلىغان نۇرلۇق يۇلتۇزدەك — چاچلىرى ئورنىدا بارماقچىلىق ئوت يالقۇنى يېلىنجاپ تۇرغان، ئۇماق ھەم بۇدرۇقتىنە بىر بالىنىڭ سىماسىنى ھېس قىلىمەن، قەلبىم گويا، ئۇنىڭ قەبرىسىدەكلا، ياق، بەلكى يېڭى ماكاندەكلا.

— بىز بۇ ھېكايىنى بوۋامدىنمۇ ئاڭلىغان، — دەپتۇ مومايىنىڭ بىر نەۋرىسى شوخلۇق بىلەن، — ئۇمۇ دائىم «كۆز ئالدىدا شۇنداق بىر بالا زاھىر بولۇپ تۇرىدۇ» دەيدىغان.

— شۇنداق، — دەپتۇ موماي، — بوۋاڭلارلا ئەمەس،

يېزىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭ سىماسى بار. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ نىجات يۇلتۇزى، ئۆمۈر سەپىرىنىڭ نۇرلۇق ماياكى، سىلەر بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ بولسىڭلار ئېيتىپ بەرمىسەممۇ بولىدىكەن.

— ئېيتىپ بېرىڭ، ئېيتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ نەۋرىلىرى چۇرقىرىشىپ، — بىز بۇ ھېكايىنى تېخى تولۇق ئاڭلىمىدۇق، پەقەت بىز بوۋامنىڭ ھەربىر ۋاقلىق نامىزىنىڭ ئاخىرىدا قىلغان دۇئاسىدا «ئاھ! ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ خۇدا، شۇ نىجات يۇلتۇزىمىزنىڭ نۇرلۇق سىماسى ئەۋلادلار قەلبىدىن مەڭگۇ ئۆچمىگەي، ئۇ خۇددى مېنىڭ قەلبىمدىن ئۆچمەس ئورۇن ئالغاندەك باشقىلار تەرىپىدىنمۇ مەڭگۇ ئۇنتۇلمىغاي» دەپ ئىلتىجا قىلغانلىقىنىلا ئاڭلىغان.

— قۇلاق سېلىڭلار ئەمىسە، — دەپتۇ موماي، — ئۇ چاغلاردا ئۈچ پەرزەنتىدىن ئايرىلىپ، يېگانە قالغان بىر موماي بولغان ئىكەن. ئۇ يالغۇزچىلىقتا زېرىكىپ ئولتۇرۇپ، ئۆيىدىكى يىغىلىپ قالغان شام قالدۇقلىرىغا كۆزى چۈشۈپتۇ - دە، ئۇلارنى بىر قاچىغا سېلىپ، يۇمشىتىپ يېڭى بىر شام ياساشقا تۇتۇش قىپتۇ. لېكىن ئىش قىلىۋېتىپ پىكىر - خىيالى ئۆزىدىن جۇدا بولغان بالىلىرى تەرەپكە كېتىپ قاپتۇ - دە، ئىختىيارسىزلا ئۇزۇنچاق شام ئەمەس، بەلكى چوققىسىدىن پىلىك ئۈچى چىقىپ تۇرغان بېشى مۇشتۇمدەك، بوينى بارماقتەك، بويى ئىككى غېرىچچە كېلىدىغان بىر شام قونچاق بالا ياساپتۇ.

— تووۋا! — دەپتۇ موماي ئىشى تۈگىگەندە، — ياسىماقچى

بولغىنىنىم بىر چوڭ ھەم ئۇزۇن شامتىغۇ، شام قونچاق ياساپ قويغىنىم نېمىسى.

— ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق، مەن سىزگە بالا بولىمەن، — دېگەن سادا كەپتۇ شۇ چاغ شام قونچاقنىڭ لەۋلىرى مىدىراپ.

بۇنىڭدىن چۆچۈپ، ئەندىكىپ كەتكەن موماي:

— گەپ قىلىۋاتقان سەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەجەبلىنىپ.

— شۇنداق، مەن شام بالا، — دەپتۇ بالا يەنە لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ، — سىزنىڭ يېنىڭىزدىن دۇنياغا كەلگەن بالىڭىز.

— ۋاي خۇدايىمەي، — دەپتۇ موماي ئەنسىزلىك بىلەن، — بۇ شام قونچاقنىڭ ئىچىگە بىرەر جىن - ئالۋاستى ياكى شەيتان كىرىۋېلىپ، مېنى كولدۇرلىتىۋاتامدۇ نېمە، دەرھال موللا چاقىرتىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلدۇرۇۋېتەي جۇمۇ.

— جىن - ئالۋاستى كىرىۋالمىدى، شەيتانمۇ كىرىۋالمىدى، — دەپتۇ شام قونچاق يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ، — ماڭا جان كىردى. مەن ئەمدى راستتىنلا سىزنىڭ بالىڭىز بولىمەن، چۈنكى سىز بايا «شام ياسايمەن» دەپ ئولتۇرۇپ، مېنى ياسىدىڭىز، خىيالىڭىزدا بىر بالىڭىز بولۇشىنى تىلىدىڭىز، شۇڭا تىلىكىڭىز ئىجابەت بولۇپ، ئاللا ماڭا جان ئاتا قىلدى، راستتىنلا بىر تىرىك بالىغا ئايلاندىم.

— بوپتۇ، بوپتۇ، — دەپتۇ موماي تىنچلىنىپ، — شام بالا بولساڭمۇ مەيلى، ھەرھالدا بالام بولغىنىغا شۈكۈر، بىرەر جىن - شەيتاننىڭ كۆرستىۋاتقان ئويۇنى بولمىسىلا مەيلىغۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قارا مارجاندا كۆز قارىچۇقى ۋە قارا قىل بىلەن قاش ـ كىرپىك ياساپ، شام قونچاقنى راۋۇرۇس بىر بالىغا ئايلاندۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ شام بالىمۇ مومايىنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى، كۆڭۈل خۇشلۇقى، ئارزۇلۇق بالىسى بولۇپ قاپتۇ. گەرچە ئۇ يېمەك ـ ئىچمەككە موھتاج بولمىسىمۇ، موماي يەنىلا ئۇنىڭ ھالىدىن كۆيۈمچانلىق بىلەن خەۋەر ئاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، شام بالا بارا ـ بارا يېزا ئەھلىگە، بولۇپمۇ بالىلارغا تونۇشلۇق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارغا غەيرىي بىلىنمەيلا قالماستىن، بەلكى ئوبدانلا چىقىشىۋاپتۇ. بالىلارنىڭ ئويۇنلىرىمۇ ئۇنىڭسىز قىزىمايدىكەن. بىراق بۇ كۈنلەر ئۇزۇنغا بارماپتۇ.

بىر كۈنى تۇيۇقسىز يېزا ئاسمىنىنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، قارا قۇيۇنلار قوزغىلىپ، ھەممە تەرەپ تېزلا قازان كۆمتۈرۈپ قويغاندەكلا زۇلمەت قوينىغا چۆكۈپتۇ. شۇ ھامان يېزا ئەھلى ئىچىدە ئاھۇ زار، نالە ـ پەرياد كۆتۈرۈلۈپتۇ.

— نېمە ئىش بولدى، ئانا، — دەپ سوراپتۇ شام بالا ئانىسىدىن.

— جېنىم بالام، — دەپتۇ موماي ئۇنى باغرىغا بېسىپ، — كەل قوينۇمغا كىرىۋال، چوڭ بالا ـ قازا كەلدى.

— زادى قانداق بالا ـ قازا كەلگىنىنى ئېيتىپ بېرىڭا؟ — دەپتۇ شام بالا يېلىنىپ.

— بۇنىڭدىن نەچچە يىللار بۇرۇن، — دەپتۇ موماي، — بىر قارا ئالۋاستى پەيدا بولۇپ، يېزىغا يېقىنلا يەردىكى تاغ باغرىدىكى بىر

قاراڭغۇ غارغا ماكانلاشتى. ئۇ ھەر يىلى بىزدىن توققۇز ئوغۇل، توققۇز قىز پەرزەنت تەلەپ قىلىدۇ. بەرمىسەك ئالەمنى قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلاپ قارا قۇيۇنلار قۇتراپ، يۇرتنى خاراب قىلىدۇ، ھازىر ئۇنىڭ بالا تەلەپ قىلىدىغان ۋاقتى كەلدى. كىمنىڭمۇ ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان يۈرەك پارىسىنى ئالۋاستىغا بەرگۈسى كېلىدۇ. لېكىن يۇرت ئەھلى ئالۋاستىنىڭ ۋەھىمىسىدىن، بەرمەي ئامال يوق، دەپ قاراپ ھەر يىلى چەك تاشلاپ، چەك چىققان توققۇز بالىنى ئالۋاستىغا بېرىشنى قارار قىلدى. ھازىر توققۇز جۈپ ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتىدىن ئايرىلىدىغان جۇدالىق پەيتى، شۇڭا يۇرتنى نالە ـ زار قاپلىغىنى.

ــ نېمىشقا يۇرت ئەھلى قوزغىلىپ ئالۋاستى بىلەن كۈرەش قىلمايدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ شام بالا.

ــ ئۇلاردا بىرلىك يوق، ــ دەپتۇ موماي مەيۈسلىنىپ، ــ ھەم بەك جۈرئەتسىز، ھەممىسى ئۆز قايغۇسى بىلەن، توققۇز پەرزەنتىدىن ئايرىلىسمۇ قالغانلارنىڭ ئامان قالغىنىغا شۈكۈر قىلىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ياشاۋېرىدۇ. ئالۋاستىغا بىرلىشىپ تاقابىل تۇرۇشنى ئويلاشمايدۇ. ئالۋاستىمۇ ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئانىي تېپىۋاتىدۇ. ئاھ! خۇدا، بۇنداق ھالەت قاچانمۇ ئۆزگىرىدۇ.

ــ ۋاي بىچارىلەر، ــ دەپتۇ شام بالا، ــ ئايرىپ بېرىلگەن بالىلارنى ئالۋاستى نېمە قىلىدۇ؟

ــ بۇنى بىلمەيمىز، ــ دەپتۇ موماي كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ــ بەلكىم يېۋەتسە كېرەك. يۇرت ئەھلى بالىلارنى غار

ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىدۇ، ئۇلارغا پەقەت بىر تاللا شام بېرىدۇ. شام يورۇقىدا قاراپلا ئالۋاستى يىراقتىن بالىلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، سېھرىي ئەپسۇننى قايتۇرۇپ، زۇلمەت پەردىسىنى يىغىشتۇرىدۇ. قارا قويۇنلارنى توختىتىپ، يورتقا ئامانلىق بېرىدۇ.

— بۇ غارغا كىرىپ چىققانلار بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ شام بالا يەنە.

— يوق، — دەپتۇ موماي، — پەقەت غار ئالدىغا بارغانلار ئىچكىرىلىگەنسېرى قاراڭغۇلىشىپ بارىدىغانلىقى، يولىنىڭ بىر ئادەم ئاۋايلاپ ماڭسا ئاندىن ماڭالايدىغان پىلسىرات كۆۋرۈكىدەك تار يول ئىكەنلىكىنى، يولىنىڭ ئىككى تەرىپى تىك ھاڭ ئىكەنلىكىنىلا كۆرگەن، غارغا كىرگەن بالىلارنىڭ بىرسى ئالدىدا شام تۇتۇپ ماڭىدىكەن، قالغانلىرى بىر رەت بولۇپ ئەگىشىپ ماڭىدىكەن.

— مەن كىرىپ چىقايچۇ، — دەپتۇ شام بالا، — مەن شام بولغاندىكىن ئالۋاستى ھېچنىمە قىلالمايدۇ. مەن ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتى، سىرىنى بىلىپ چىقىمەن.

— ياق بالام، ياق، — دەپتۇ موماي ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ قەتئىيلىك بىلەن، — ئۇچ بالام ئاشۇ ئالۋاستىغا ئاپىرىپ بېرىلگەن، رەھمەتلىك دادىسى قارشىلىق قىلغىنى ئۈچۈن يورتتىكى مۇناپىقلار تەرىپىدىن زەخىم يەپ، شۇ دەرد ئىچىدە قازا قىلغان. ھازىرغىچە قايغۇ ـ نادامەت ياشلىرىم قۇرۇغىنى يوق، ئەمدى سەندىنمۇ ئايرىلسام يورۇق جاھان

قاراڭغۇ بولۇپ، ياشاشقا رىغبىتىم قالمايدۇ، سەندىن ئايرىلغۇچە جېنىمدىن جۇدا بولغىنىم ياخشىراق. جېنىم بالام، ھەرگىز ئۇنداق بولمىغۇر خىيالدا بولما.

— ماقۇل دەڭا، — دەپتۇ شام بالا يىغلىنىپ، — مەن دېگەن شام بالا. ئالۋاستى يەۋېتەلمەيدۇ. بېرىپ ئۇنىڭ سىرىنى بىلىپ چىقاي، ئۇ ئالۋاستىغا يەم بولغىلى ماڭغان دوستلىرىمنى قۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭدىن ئاكىلىرىمنىڭ قىساسىنى ئېلىپ چىقامدىم تېخى، ئۇنىڭ ئەسكىلىك قىلىشقا يول قويۇۋەرگىلى بولمايدىغۇ ئاخىرى.

موماي، ئۇنى رايىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ نەسىھەت قىپتۇ، يالۋۇرۇپتۇ، بىراق كار قىلماپتۇ. شام بالىنىڭ جىسمى شام بولغان بىلەن ئىرادىسى پولاتتەك ئىكەن.

موماي ئاخىرى نائىلاج ئۇنى يېتىلەپ، تېنەپ - تەمتىرەپ غارغا مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

— نېمىشقا چىراغ يېقىپ، يولنى يورۇتۇپ ماڭمايمىز؟ — دەپ سوراپتۇ شام بالا.

— ئالۋاستى بۇنداق چاغدا ئوت يېقىشنى، ھەتتا كىچىككىنە ئۇچقۇن چىقىرىشنىمۇ چەكلىگەن، ئۇ ئوتنى، يورۇقلۇقنى يامان كۆرسە كېرەك. ئۇ پەقەت غارغا كىرىدىغان بالىلارنىڭلا تېزلا ئېرىپ تۈگەيدىغان بىر تاللا كىچىك شام ياندۇرۇپ مېڭىشىغا رۇخسەت قىلغان، بۇ شام بىچارە قۇربانلىقلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپىرىدىغان يولنى يورۇتىدۇ، — دەپتۇ موماي ئاچچىق بىلەن.

— بىز ئالۋاستىدىن قورقمايلى ئانا، — دەپتۇ شام بالا، —

بولمىسا قاراڭغۇدا تامغا ئۇسسۇۋالىمىز.
— بولمايدۇ بالام، — دەپتۇ موماي ھۇدۇقۇپ، — ئارىمىزدا شەخسىيەتچى ۋە قورققاقلىقىدىن ئۆز قېرىندىشىنى تالايدىغان ئىتقا ئوخشاشلار بار. ئۇلار ئالۋاستىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بويسۇنمىغانلارنى ئەيىبلەيدۇ. ھەتتا ئالۋاستىنىڭ قولى بولۇپ، تاياق - توقماق كۆتۈرۈپ چىقىشتىن يانمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىزگە كەلتۈرىدىغان ئەلىمى ئالۋاستىنىڭ ئەلىمىدىنمۇ ئاچچىق.
— قورقماڭ ئانا، — دەپتۇ شام بالا، — بىز يولىمىزنى يورۇتۇپ مېڭىۋېرەيلى، ئۇلارغا پەرۋا قىلمايلى.
موماي ئاخىرى ئېلىۋالغان سەرەڭگىسى بىلەن شام بالىنىڭ بېشىدىكى پىلىككە ئوت يېقىپتۇ. ئەمدى ئۇلار تېنەپ - تەمتىرىمەي، تېزلا غار ئالدىغا يېتىپ بېرىپتۇ.
بۇ چاغ غار ئالدىغا قارا كىيىنگەن يېزا ئەھلى توپلاشقان، بەزىلىرى ئۈن - تىنسىز كۆز يېشى قىلسا، بەزىلىرى پەس ئاۋازدا نالە - پەرياد قىلىۋاتقان ۋە بەزىلىرى ئىچ - ئىچىگە پاتمايۋاتقان ئاچچىق قايغۇ - ھەسرىتىنى زور چىدام - غەيرەت بىلەن بېسىپ لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇشقان ۋە بەزىلىرى بولسا خۇددى تاماشا كۆرگىلى كەلگەندەكلا تۇرۇشقان ئىكەن. ئالدىدىكى بىرى شام كۆتۈرۈۋالغان توققۇز گۆدەك بالا بولسا بىر قاتار بولۇپ غارغا كىرىپ كېتىۋاتماقتا ئىكەن. غارغا كىرگەندىن كېيىنكى قىسمەتلىرىدىن خەۋەرسىز بۇ گۆدەكلەر پەقەت يېزا ئەھلىنىڭ زورى ۋە گۆدەكلەرچە قىزىقىشلىرى بىلەن كىرىپ كېتىۋاتماقتا ئىكەن. يېزا ئەھلى بولسا ئۇلاردىن ھەممىنى سىر تۇتۇشقان

ئىكەن.

شۇ چاغ بېشىدا ئوت كۆيۈپ تۇرغان شام بالىنى كۆرۈپ بەزىلەر چۇقان سالدى: «ئوتنى ئۆچۈر، ھەممىمىزنى بالاغا تىقماقچىمىدىڭ، تېز ئۆچۈر، ھېلى بىكار بوينۇڭنى ئۈزىمىز...»

شام بالا بولسا ئۇلارغا پەسەنت قىلماي مومايىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ مەڭزىگە سۆيۈپتۇ، قولىدىكى سەرەڭگىنى ئاپتۇ. ئاندىن: «خەير ـ خوش ئانا، ـــ دەپتۇ كۆلۈمسىرەپ، ـــ خۇداغا ئامانەت. چوقۇم ئامان ـ ئېسەن قايتىپ چىقىمەن.»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ غار ئاغزىغا يۈگۈرۈپتۇ. كىشىلەر ئىچىدە كۇسۇر ـ كۇسۇرلار باشلىنىپتۇ: «ماۋۇ ھاماقەت ئۆزلۈكىدىن ئالۋاستىغا يەم بولاي دەپ ماڭدىمۇ نېمە؟ بۇرۇنراق بىلگەن بولساق بىزنىڭ ھېلىقى تۇغقىنىمىزنىڭ بالىسى ئورنىغا سەپلىۋېتەركەنمىز ... ھەي ئىسىتەي، موماي بۇ بالىسىدىنمۇ ئايرىلىپ تىكەندەك يالغۇز قالىدىغان بولدى ـ دە، ھەي بىچارە، ئۇنى چاقىرىۋالمايلىمۇ، ئۇ غارغا كىرگەندىن كېيىن نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەي ماڭدىغۇ دەيمەن ... ئۆزىنىڭ شورى، كۆتىنى غىت قىسسىچۇ ...» شام بالا بولسا يۈگۈرگىنىچە بالىلار كەينىدىن غارغا كىرىپ كېتىپتۇ. موماي: «ئاھ! بالام، ئاھ، جېنىم بالام!» دەپ نالە قىلغىنىچە قولىنى سوزۇپ قاپتۇ. شۇ چاغ داراڭ ـ دۇرۇڭ قىلغان دەھشەتلىك سادالار بىلەن تەڭ غار ئىشىكى ئېتىلىپ قاپتۇ. كېتىۋاتقان بالىلار چۆچۈپ چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلارغا چوڭلار نېمە قىلىشنى ئېيتقانلىقى نامەلۇم.

ئىشقىلىپ ھەممىسى ئالدىغا مېڭىش كېرەكلىكىنىلا بىلىدىكەن.
ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. شام تېزلا ئېرىپ تۈگەپ، ئالدىدا ماڭغانلار قاراڭغۇلۇق ئىسكەنجىسىدە قېلىپ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ قاپلاپ توختاپ قېلىشىپتۇ.
شۇ چاغ ئۇلارنىڭ كەينىدە يورۇقلۇق چېچىپ كېلىۋاتقان شام بالا:
— مېنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇڭلار، — دەپتۇ ئۇلارغا، — مەن يولۇڭلارنى يورۇتۇپ بېرەي.
ئارقىدىكى بالا كەينىگە سەل قايرىلىپ قولىدىن تارتىپ ئېلىپلا ئالدىدىكى بالىغا بېرىپتۇ…قولدىن قولغا ئۆتۈپ شام بالا ئاخىرى ئەڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قاپتۇ. بالىلار ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.
شۇ چاغ يىراقتىن دەھشەتلىك شىرقىرىغان ئاۋاز كەپتۇ. بالىلارنىڭ قورقۇنچتا يۈرىكى يېرىلغۇدەك بوپتۇ. ئارقىدىن يەنە: «چىراغنى ئۆچۈرۈش، تېز ئۆچۈرۈش» دېگەن چىرقىراق سادا كەپتۇ. بالىلار ئالدىراپ - تېنەپ شام بالىنىڭ بېشىدا يېنىپ تۇرغان ئوتنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈپتۇ.
— ئەخمەقلەر، — دەپتۇ شام بالا كايىپ، — ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويساڭلار ئالدىڭلارغا قانداق ماڭالايسىلەر.
ئۇ شۇنداق دېگىنىچە سەرەڭگە يېقىپ ئۆز بېشىدىكى پىلىكنى قايتا يېقىپتۇ. ئالدىغا قاراپ قورقماي مېڭىۋېرىپتۇ. شۇ چاغ يەنە: «ئوتنى ئۆچۈرۈش، تېز ئۆچۈرۈش، بولمىسا ھەممىڭنى ھالاك قىلىمەن» دېگەن تېخىمۇ دەھشەتلىك بىر چىرقىراق سادا

كەپتۇ. بالىلار يەنە ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ. بىراق شام بالا قايتا ياندۇرۇۋاپتۇ. بىراقتىن ھېلىقى ئاۋاز پات - پات ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. بالىلارمۇ ھەر قېتىم ئاڭلىغان ھامان ئوتنى ئۆچۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بىراق شام بالىمۇ قايتا - قايتىلاپ ياندۇرۇپ تۇرۇپتۇ، بارا - بارا بالىلار ھېلىقى ئاۋازغا كۆنۈپ ئەمدى ئوتنى ئۆچۈرمەيدىغان بوپتۇ. ئاخىرى ھېلىقى ئاۋازمۇ بارا - بارا زەئىپلىشىپ ئاجىزلاپ يوقاپلا كېتىپتۇ. بىراق غار يولى ئايغى چىقمايدىغاندەك تۈگىمەيلا قاپتۇ.

شۇنداق مېڭىۋېرىپ بارا - بارا ئۇلار يولنىڭ ئەمدى بارغانسېرى كېڭىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. بىراق ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قاپقارا يىلان - چايانلار پەيدا بولۇپ، دەھشەتلىك خىرىس قىپتۇ، بالىلار قورققىنىدىن كەينىگە داجىپتۇ. بىراق شام بالا قورقماي مېڭىۋېرىپتۇ، چۈنكى ئۇ «قورقۇش» دېگەننى بىلمەيدىكەن.

ئۇنىڭ قەدىمى يېقىنلىشىشى بىلەن يىلان - چايانلار ئۆزلۈكىدىن غايىب بوپتۇ. بالىلارنىڭ شۇ چاغدىلا يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ يولنى داۋام قىپتۇ. كۆپ ئۆتمەيلا يەنە تاشلارنى ئۆچۈرۈپ، پىرقىرىتىپ يۈرگەن قورقۇنچلۇق قارا قۇيۇن ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ. بىراق شام بالا يېقىنلىشى بىلەن ئۇمۇ غايىب بوپتۇ. ئارقىدىن قاپقارا ئىس - تۈتەكلەر ئارىسىدا بەتبەشىرە ئالۋاستى باشلىرى ئۆچۈپ يۈرگەن بىر مەنزىرە زاھىر بوپتۇ. ئەمما شام بالا يېقىنلىشى بىلەنلا ئۇمۇ غايىب بوپتۇ. شام بالا ھەمراھلىرىنى غەيرەتلىك بولۇشقا، قورقماسلىققا

رىغبەتلەندۇرۇپ، ئاخىرى ئۇلارنى غارنىڭ ئەڭ ئىچكىرىگە — نۇرغۇنلىغان ئادەم ئۇستىخانلىرى دۆۋىلىشىپ كەتكەن بىر سەيناغا بېرىپتۇ.

شۇ چاغ سۆڭەك دۆۋىسى كەينىدىن بېشى گۇمبەزدەك، بويىنى چوڭ تۇخۇمدەك، بەتبەشىرە قارا يىلان ئالۋاستى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ چىرقىراق ئاۋازدا توۋلاپتۇ: «يېقىن كېلىشمە، ھالاك قىلىمەن، شامنى تېز ئۆچۈرۈش.»

بالىلارنى يەنە قورقۇنچ ئىلكىگە ئېلىپ گاڭگىرىتىپ قويۇپتۇ. شام بالا بولسا جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن توۋلاپتۇ:

— دوستلىرىم، ھەرگىز ئوتنى ئۆچۈرمەڭلار، بۇ ئالۋاستى ئوتتىن، يورۇقلۇقتىن قورقىدىكەن، بىز ئۇنىڭغا بىرلىشىپ تاقابىل تۇرايلى، ئۇنى يوقىتايلى.

— ئۇنداق قىلماڭلار، — دەپتۇ ئەمدى ئالۋاستى ۋەھىمىگە چۈشۈپ، — سىلەرنى ئامان - ئېسەن غاردىن چىقىرىپ قويىمەن، پەقەت ئوتنى ئۆچۈرۈۋەتسەڭلارلا بولغىنى.

— سەن ھەرگىز گېپىڭدە تۇرمايسەن، — دەپتۇ شام بالا قەتئىيلىك بىلەن كىچىككىنە مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ، — ئوت ئۆچسىلا سەن بۇ دوستلىرىمنى بىر - بىرلەپ ھالاك قىلىپ، مانا مۇشۇ سۆڭەك دۆۋىسىگە يېڭى سۆڭەكلەرنى قوشىسەن، بىز ساڭا ئالدانمايمىز. سېنى ھالاك قىلىمىز. سەندىن قىساس ئالىمىز.

بالىلارمۇ شام بالىنىڭ جەسۇرلۇقىدىن ئىلھاملىنىپ بىردەك توۋلىشىپتۇ.

— سەن بىلەن كۆرەش قىلىمىز! سېنى يوقىتىمىز! قىساس ئالىمىز!

— باللار، ھەممىڭلار مانا بۇ قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ قول - پۇت سۆڭەكلىرىدىن ئىبلىڭلار، ئۇ سىلەرگە قورال بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئالۋاستىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈڭلار، تېز بولۇڭلار، مەن ئېرىپ تۈگەپ ئۆچۈپ قالماستا ئۇنى يوقىتىڭلار. مەن يورۇقلۇق چىقىرىپ تۇرساملا ئۇ سىلەرنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. كۆزلىرىنىمۇ ئاچالمايدۇ، — دەپ تووۋلاپتۇ شام بالا يەنە، بۇ چاغدا ئۇ بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقان ئىكەن. چۈنكى ئۇنىڭ تېنىدىن تەر ئورنىغا شام سۇيۇقلۇقى ئېرىپ ئېقىپ چۈشمەكتە ئىكەن.

باللار تېزدىن قوللىرىغا ئۇزۇنچاق سۆڭەكلەرنى ئېلىپ قارا يىلان ئالۋاستىغا ھۇجۇم قىپتۇ. ئالۋاستى كۆزىنى ئاچالماي ئۆزىنى ھەريانغا ئۇرۇپتۇ، بىراق باللاردىن بىرىنىمۇ چىشلىيەلمەپتۇ. بەلكى باللار سۆڭەك بىلەن ھەر ئۇرغاندا بىر كىچىكلەپ، ئۇر - ئۇر ئىچىدە بارا - بارا تۈۋرۈكتەك ئارقىدىن پاچاقتەك، ئاخىرى بىلەكتەك قاپتۇ. ئەسلىدىكى سۇر - ھەيۋىسىدىن قىلچە ئەسەر قالماپتۇ - دە، باللارغا يېلىنىپ ئۆزىگە غاردىن چىقىپ باشقا جايلارغا كېتىشكە يول بېرىشنى سوراپتۇ.

بىراق قەلبىدە غەزەپ ئوتى، قىساس يالقۇنى يېنىپ تۇرغان باللار ئۇنى ھەر تەرەپتىن قاپسىۋېلىپ قوغلاپ يۈرۈپ رەھىم قىلماي ئۇرۇپتۇ، قاچقىلى پۇرسەت بەرمەپتۇ. ئاقىۋەت يىلان

ئالۋاستى قاپقارا قان قەي قىلىپ ئازاب ئىچىدە جان بېرىپتۇ. يەنىلا كۆڭلى ئارام تاپمىغان باللار بولسا ئەمدى ئۇنى دەسسەپ، چەيلەپ يەرگە چاپلىشۇەتكەندىن كېيىنلا تىنچىپ قېلىشىپتۇ.

— ئەمدى قايتىڭلار، — دەپتۇ، شام بالا دوستلىرىغا، — مەن ئېرىپ تۈگەيلا دەپ قالدىم. تېز غاردىن چىقىپ كېتىڭلار.

باللار شۇ ھامان بارماقچىلىك قالغان شام بالىنى كۆتۈرۈپ غار سىرتىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. تار يولغا كەلگەندىلا قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپتۇ. ئالدىرىسىمۇ تېز مېڭىشقا ئىمكان بولماپتۇ. چۈنكى ئاۋايلاپ، توغرا دەسسەپ ماڭمىسا ياكى پۇتى سەللا قىيسىپ كەتسە ئىككى تەرەپتىكى تېگى كۆرۈنمەس قاراڭغۇ ھاڭغا چۈشۈپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىكەن.

شام بالا توختىماي ئۇلارنى تېز مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرۈپتۇ. باللارمۇ ئىمكان بار تېز مېڭىپتۇ. لېكىن بارا - بارا شام بالىنىڭ ئاۋازى چىقماس بولۇپ قاپتۇ، چۈنكى شام بالا ئېرىپ تۈگەشكەن، پەقەت ئۇنى كۆتۈرۈۋالغان بالىنىڭ ئالىقىنىدا شام قالدۇقلىرى ئۈستىدە كىچىككىنە بىر تال پىلىك پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان ئىكەن.

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا پىلىكمۇ كۆيۈپ بوپتۇ، غار ئىچىگە زۇلمەت پەردىسى يېيىلىپتۇ. بىر قەدەم ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىغان باللار نېمە قىلىشنى بىلمەي يىغا - زارغا چۈشۈپتۇ. ئەمدى ئۇلارنىڭ بايىلا قارا يىلان ئالۋاستى بىلەن ئېلىشقاندىكى كىچىك قەھرىمانلارچە جاسارىتىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ، ئۈمىدسىزلىك ئەقلى - ھوشىنى ئوغرىلاپتۇ.

ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغىنىدا تۇيۇقسىز كۆز ئالدى ئاپتاپتەك يورۇپ، بېشىدا ئوت كۆيۈپ تۇرغان شام بالا زاھىر بوپتۇ، ئۇ كۇلۇمسىرەپ بالىلارغا قول پۇلاڭلىتىپ تۇرغان ئىكەن.

شۇ چاغ بالىلارنىڭ كىچىك قەھرىمانلىرىمىزنىڭ قۇلاق تۈۋىدە: «غەيرەتلىك بولۇڭلار، ئۈمىدسىزلىك ۋە قورقۇنچاقلىق سىلەرنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ، باتۇرلارچە ئالغا بېسىڭلار» دېگەن سۆزلەر جاراڭلاپتۇ.

بالىلار ئەمدى قورقۇنچتىن قۇتۇلۇپ، قايتىدىن غەيرەتلىنىپ خۇددى تۇز ۋە داغدام يولدا ماڭغاندەك ئالغا چامداپتۇ، شام بالا زاھىر بولغان، نىجاتلىق يۇلتۇزى، يول كۆرسەتكۈچى ماياكتەك پارلاپ تۇرغان تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئاخىرى غار ئاغزىغىمۇ يېتىپتۇ، شۇ ھامان گۇمبۇرلىگەن سادا بىلەن تەڭ غار ئاغزىنى ئېتىپ تۇرغان تاش ئىشىك پاچاق - پاچاق بولۇپ، پارلاق قۇياش نۇرى غار ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپتۇ، شام بالىنىڭ نۇرلۇق سىماسىمۇ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بىراق ھەر بىر بالا ئەمدى ئۇنى ئۆز قەلبىدە باردەك، ئۆز قەلبىنى يورۇتۇپ، جىسمىغا كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلاۋاتقاندەكلا ھېس قىپتۇ.

بۇ چاغدا غار ئالدىدا پەقەت تەڭرىگە يېلىنىپ تەقۋادارلىق بىلەن قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر ئانىلا قالغان ئىكەن، ئۇ بولسىمۇ شام بالىنىڭ ئانىسى — ھېلىقى موماي ئىكەن.

ئۇ بالىلارغا قاراپتۇ. غار ئىچىگە قاراپتۇ، شام بالىنى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەنسىزلىك بىلەن سوراپتۇ:

— ئۇ قېنى؟ مېنىڭ ئۇماققىنە شام بالام قېنى؟ ئاھ خۇدا، ئېيتىڭلارچۇ بالىلىرىم، ئۇ قېنى؟

— ئۇ قەلبىمىزدە، — دەپتۇ بالىلار بىر ئېغىزدىن ئېيتىشقاندەك. شۇ چاغ موماي كۆز ئالدىدا: «ئانا، مېھرىبانىم ئانا» دەپ چۇلدۇرلىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان شام بالىنىڭ نۇرلۇق سىماسىنى كۆرۈپتۇ. بىراق ئۇ قۇچاقلىرىنى كەڭ يېيىپ ئۇلارنى قۇچاقلىغىنىدا بولسا بىر ئەمەس توققۇز بالىنى قۇچاقلاپتۇ.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپتۇ.

— ئاھ! بىچارە بالام، — دەيدىكەن ئۇ، — روھىڭ كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇۋاتىدۇ ـ ھە؟! بىراق جىسمىڭ ئۆزى قېنىدۇ؟ ئىبلىس ئالۋاستى قولىدا تۈگەشكەنمىدۇ؟ سەنمۇ مۇشۇ دوستلىرىڭ قاتارىدا ئامان قايتىپ كەلگەن بولساڭچۇ، ئەمدى مەڭگۈ سەندىن جۇدا بولغاندىمەنمۇ؟

— ياق، ئۇنىڭدىن جۇدا بولمىدىڭىز، — دەپتۇ بالىلار، — ئۇ مەڭگۈ ھايات. ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدە ھايات، قەلبىمىز ئۇنىڭ يېڭى ماكانى، بىز ھەممىمىز سىزنىڭ بالىڭىز، سىز بىزنىڭ ئانىمىز.

موماي ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن تەسەللى تېپىپ، ئۇلارنى يېتىلىگىنىچە مەھەللىسىگە يېنىپتۇ، يېزا ئەھلى ئۇلارنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپلا قاپتۇ.

— سىلەر ئۆز قىلمىشىڭلاردىن نومۇس قىلىشىڭلار، پۇشايمان

قىلىشىڭلار، ساۋاق ئېلىشىڭلار كېرەك، — دەپتۇ موماي ئۇلارغا قاراپ، — بولمىسا يەنە شۇنداق بىر ئالۋاستى كېلىپ سىلەرنى بوزەك قىلىدۇ، قۇل قىلىدۇ، نەسلىڭلارنى قۇرۇتىدۇ.

كىشىلەر ئۇن ـ تىنسىز باشلىرىنى تۆۋەن ساپتۇ، ئۆتكەنكى قىلمىشلىرى، خاتالىقلىرى ئۈچۈن خىجىل بولۇشۇپتۇ، پۇشايمان قىلىشىپتۇ. شام بالىنىڭ قەھرىمانلىقى ھەققىدىكى بۇ ھېكايىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىققا، ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىدىن ساۋاق ئېلىشقا قەسەم قىلىشىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يېزىدىكى ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىدە بىردىن شام بالا ئوبرازى پەيدا بوپتۇ. ئۇ ھامان ئۇلارنى ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇشقا، باتۇر بولۇشقا ئۈندەيدىكەن، رەزىل كۈچلەرگە ئالدىراپ باش ئەگمەسلىككە ئۈندەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۆزگىرىپتۇ. تىنچ ـ خاتىرجەملىك ئۇلارغا ھەمراھ بوپتۇ. ھېچقانداق ئالۋاستى بۇ يېزا تەۋەسىگە كېلىشكە، يەنە ئۇلارنى بوزەك قىلىشقا پېتىنالماپتۇ.

مومايىنىڭ ھېكايىسى شۇ يەردە ئاخىرلىشىپتۇ. نەۋرىلىرى بولسا بىر ھازا تىنچلىنىپ كېتىپ، ئاندىن بىر ئېغىزدىن شۇنداق دەپتۇ:

— بىزمۇ بۇ ھېكايىنى ئۇنتۇپ قالماي كېيىنكىلەرگە يەتكۈزىمىز موما، شام بالا بىزنىڭ قەلبىمىزدىنمۇ ئاداققىچە ئورۇن ئالىدۇ.

— شۇنداق بولسا مەنمۇ خاتىرجەم كۆز يۇمىمەن، — دەپتۇ موماي كۈلۈمسىرەپ.

# شاھ بىلەن چىرىك

(مەسەل)

ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئارانغىنە تىنغ جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كېلىۋاتقان شاھ يولدا ئامان قالغان بىر چىرىككە يولۇقۇپتۇ، ئۇ شۇ تاپتا سەللا پۇرسەت بولسا بىخەتەر جايغا بېرىۋالايدىكەن.

— قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنى توسۇۋال، — دەپتۇ شاھ چىرىككە، — مەن بىخەتەر جايغا بېرىۋالاي.

— مەن ئۇچۇن جېنىڭنى سېلىپ بەر دېمەكچىمۇ، — دەپتۇ چىرىك ئويلىمىغان يەردىن ئۆز شاھىغا چەكچىيىپ.

— ئۆز شاھىنى قۇتقۇزۇش ئۇچۇن باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ئۇلۇغ قەھرىمان بولىسەن، ئەگەر قۇربان بولۇپ كەتسەڭ سەن ئۇچۇن ئوردا ئالدىدىكى كەڭ مەيدانغا مەرمەر تاشتىن ساڭا خاس ئابىدە تىكلەيمەن، شاھلىق زەرەتكاھلىقىدا سەن ئۇچۇن شاھانە مەقبەرە ياسىتىمەن، جەسىتىڭ ئالتۇن تاۋۇتقا سېلىپ قويۇلىدۇ، «ئۆز شاھىنى قۇتقۇزۇش يولىدا قۇربان بولغان قەھرىمان» دېگەن نامىڭ تارىخ بەتلىرىگە پۈتۈلىدۇ. مەملىكەت خەلقى سېنى دائىم

ياد ئېتىپ تۇردۇ...

— كەچۈرۈڭ، — دەپتۇ، چېرىك ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — هازىر مەن ئۆلگەندە ئاتا قىلىدىغان شان ـ شەرەپ، ھەممەت ـ شاپائەتلىرىڭىزگە قىزىقمايمەن، بەلكى ئويلايدىغىنىم جېنىمنى ئامان ـ ئېسەن ئېلىپ قېچىش، سىزگە جان تاتلىق بولغاندەك ماڭىمۇ جان تاتلىق، شۇنچە سەپداشلىرىم سىز باشلىغان شۇ ئۇرۇشتا قۇربان بولدى، يېتەر. ئەمدى مېنىمۇ قۇربان بولۇشقا ئۈندىمەڭ، قوغلاپ كېلىۋاتقانلار ماڭا ئەمەس، سىزگە بەكرەك قىزىقىدۇ، سىز ھازىر ئۇلارغا دادىللىق بىلەن يۈزلىنىپ، باتۇرانە ئېلىشسىڭىز بەلكىم ياخشىراق بولار، تېخى ئۇلارنىڭ قولىدا قۇربان بولسىڭىز «ئۆز لەشكىرىنى قۇتقۇزۇش يولىدا قۇربان بولغان شاھ» دېگەن شەرەپلىك نامىڭىز تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالىدۇ، بۇ تېخى ھېچقانداق شاھ ئېرىشىپ باقمىغان كاتتا شەرەپلىك نام ئەمەسمۇ، ئەگەر ئامان قالسام جەسىتىڭىزنى ئېلىپ كېتىشكە مەن كېپىل، ئالتۇن تاۋۇتقا سېلىنىپ، داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمىدىن كېيىن، شاھانە مەقبەردىكى ئازادە يەرلىككە قويۇلۇشىڭىزغۇ ئېنىقلا گەپ. بۇ سىز ئۈچۈن ياخشى ئەمەسمۇ، ماڭا ۋەدە قىلغانلىرىڭىز بولسا كېيىنچە شۇنداق بولۇشى ناتايىن.

— ئۇنداق قىلما، — دەپتۇ شاھ، بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قوغلىغۇچىلارغا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، — مەملىكىتىڭ ئۈچۈن، خەلقىڭ ئۈچۈن مېنى قۇتقۇز، ئۇلار بىر ھۆكۈمرانغا موھتاجغۇ، ۋەدەمگە ئىشەن.

— يەنە بىر قېتىم كەچۈرۈڭ، — دەپتۇ چېرىك، — سىز ئۆلسىڭىز ئورنىڭىزغا يەنە بىرسى شاھ بولىدۇ، مەملىكىتىم، خەلقىم سىزگە موھتاج بولۇپ قالىدىغانغا سىز ئۆلارغا قانچىلىك ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەنتىڭىز، ئەگەر ھازىر ۋەدە قىلغان شۇ ئالتۇن تاۋۇتنىڭ بىرەر پارچىسىنى ئىلگىرى سېخىيلىق بىلەن ئىنئام قىلىدىغان بولسىڭىز ئائىلەمدىكىلەر ئاچ - يالىڭاچلىقتا قالمايتتى، ئەگەر شۇ ئالتۇن تاۋۇتنى لەشكەرلىرىڭىز ئۈچۈن سەرپ قىلغان بولسىڭىز ئۇلار كۈچلىنىپ، جەڭلەردە دۈشمەنلىرىڭىز ئۈستىدىن غالىب كېلەتتى، ئەگەر شۇ ئالتۇن تاۋۇت، شۇ ئابىدە، شۇ مەقبەرەلەر ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغىنىڭىزنى ئۆز خەلقىڭىزنىڭ بەختى ئۈچۈن سەرپ قىلغان بولسىڭىز مانا ھازىر سىزنى يېلىندۇرمايلا قوغلاپ كەلگەنلەرنى توسۇۋالغان، سىز ئۈچۈن جان پىدا قىلغان بولاتتىم، ئەمدى قۇتقۇزۇشنى ئۆز ئاياغلىرىڭىزدىن تىلەڭ، ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرغان شۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالسىڭىز قۇتۇلغىنىڭىز شۇ، بولمىسا...

ئۇ بار كۈچى بىلەن قېچىپ كېتىۋېرىپتۇ. راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان شاھ بولسا ھاسىراپ - ھۆمىدەپ، ماغدۇرسىزلىنىپ، قۇتۇلۇش ئىشەنچى كۆرۈنۈپلا تۇرغان يەردە قوغلاپ كەلگۈچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن قوغلاپ كەلگۈچىلەر بولسا ھېلىقى چېرىككە قاراپمۇ قويماستىن، قايتىپ كېتىشىپتۇ.

# ئاق قۇ بىلەن قاراقۇ

(مەسەل)

ھايۋانات باغچىسىدىكى كۆلدە كۆپلىگەن ئەتىۋارلىق سۇ قۇشلىرى بىللە ياشايدىكەن، بىر كۈنى پەر ـ قاناتلىرى قاردەك ئاق چوڭ ئاق قۇ ئەينەكتەك سۈپسۈزۈك كۆل يۈزىدە كۆرۈنگەن ئۆز ئەكسىگە قاراپ زوقلىنىپتۇ، ئاندىن ئۆزىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ بېقىپ شۇنداق ماختىنىپتۇ، ۋاھ! مەن نېمىدېگەن ئاق، نېمىدېگەن گۈزەل، ھە؟!

تېخى يېقىندىلا ئاۋستىرالىيەدىن كەلتۈرۈلگەن قاراقۇ ئۇنىڭ ماختىنىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ قاپقارا پەر ـ قاناتلىرىغا قاراپ، خىجىل بولغاندەك بېشىنى قاناتلىرى ئارىسىغا تىقىۋاپتۇ.

— ھېچقىسى يوق! — دەپتۇ شۇ چاغ ئۇنىڭ يېنىدىلا ئۈزۈپ يۈرگەن قوشماق ئۆردەكلەر تەسەللى بېرىپ، — بېشىڭنى تىك تۇتۇپ يۈرۈۋەر، پەر ـ قاناتلىرىڭ قارا بولغان بىلەن كۆڭلۈڭنىڭ ئاقلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز، شۇڭا سەن ھېچقايسىمىزغا سەت كۆرۈنگەن ئەمەس، ھەقىقىي گۈزەللىك قەلبتە بولىدىغانلىقىنى بىلىشىڭ كېرەك.

# كىپىنەك مەلىكە

(چۆچەك)

گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن گۈلئەپشان قەلئەسىدە بەكمۇ ئاق كۆڭۈل ۋە ساددىغىنە بىر پادىشاھ ھۆكۈمران ئىكەن. ئۇنىڭ پۇقرالىرىمۇ خۇددى ئۆزىدەكلا ئاق كۆڭۈل ۋە ساددا ئىكەن، شۇ سەۋەبتىنمىكىن كىشىلەر ئارىسىدا ھامان تىنچلىق ۋە مېھرىبانلىق ھۆكۈم سۈرىدىكەن، نە گۇندىپاي، نە جاللات دېگەندەكلەرمۇ يوق ئىكەن.

شۇنداق گۈزەل ۋە بەختىيار قەلئە پادىشاھىنىڭ خانىشى كۆنلەرنىڭ بىرىدە چېھرى قۇياشتەك نۇرلۇق، ئەتلىرى سۈتتەك ئاق ۋە چاچلىرى قۇندۇزدەك قارا بىر قىز تەۋەللۇت قىپتۇ. بۇ قىز بوۋاق شۇنداق ساھىبجامال بولسىمۇ، لېكىن تېنى بەك ئاجىز ۋە كىچىك ئىكەن. خانىش ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن سۆيۈنسە، ئاجىزلىقىدىن دىلىنى غەم بېسىپتۇ، مەلىكە بولسا كۈنسېرى چىرايلىقلىشىپ ئوماق ۋە ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بوپتۇ، ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. خانىش كېسەللىك تۈپەيلى قازا قىپتۇ، ئانىسىز قالغان مەلىكە كۈن بويى قايغۇ - ھەسرەت

چىكىپ يۈرۈپتۇ.

— بىچارە قىزىم، — دەپتۇ بىر كۈنى پادىشاھ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ — ئەمدى ساڭا يەنە بىر مېھرىبان ئانا تېپىپ بەرمىسەم بولمىدى.

— ئۇمۇ مېنى تۇغقان ئانامدەك كۆيۈمچان ئانا بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— بەلكىم شۇنداق بولار، — دەپتۇ پادىشاھ ساددىلىق بىلەن.

مەلىكە جىم تۇرۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى ھامان ۋاپات بولغان ئانىسىغىلا تەلپۈنىدىكەن.

پادىشاھ شۇ كۈنىلا ۋەزىرلىرىنى چاقىرتىپ:

— مەن يېڭى بىر خانىشىم بولسا دەيمەن، — دەپتۇ ئۇلارغا مەسلىھەت سېلىپ، — چۈنكى كىچىككىنە مەلىكەم بىر ئانىغا موھتاج، سىلەر بىر مۇۋاپىق نامزات كۆرسىتىڭلار.

ۋەزىرلەر ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ، ئاخىرى ئارىدىن بىرى چىقىپ شۇنداق دەپتۇ:

— كېرەملىك شاھىم، شەھىرىمىزگە يېڭى كەلگەن بىر سودىگەرنىڭ گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بىر قىزى بارمىش، شۇ قىزغا ئەلچى قويۇپ باقساق، خالىسا توينى قىلىپ ئۆزلىرىگە نىكاھلاپ قويساق، شۇ قىزلا خانىشىمىز بولۇشقا مۇناسىپتەك قىلىدۇ.

— ئەلچى ئەۋەتەيلى، — دەپتۇ پادىشاھ، — رازىلىق بىلدۈرۈپ خالىسا، شۇ قىزنى خانىشلىققا قوبۇل قىلاي.

شۇ ھامان بىر ۋەزىر ئىسىل سوۋغاتلار ئېلىپ، سودىگەر چۈشكەن سارايغا راۋان بوپتۇ، سودىگەر بىلەن كۆرۈشۈپ سالام ـ سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن سوۋغاتلارنى ئالدىغا قويۇپ، كېلىش مۇددىئاسىنى بايان قىپتۇ، شاھنىڭ ئەھۋالىدىن ھەم خەۋەردار قىپتۇ.

— مەن ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ يەردىن كېتىمەن، — دەپتۇ سودىگەر، — قىزىم بۇ يەردە قېلىپ خانىش بولۇشنى خالىسا ئەلۋەتتە قارشىلىقىم يوق، ئۆزىدىن بىر سوراپ كۆرەي، ئۇ يول ئۈستىدە بېقىۋالغان قىزىم ئىدى.

— شۇنداق بولسۇن، — دەپتۇ ۋەزىر، — لېكىن شاھىمىز يېشى 60 تىن ھالقىغان ياشانغان كىشى، بۇنى ئەسكەرتىپ قويارلا، بۇ شاھىمىزنىڭ تاپشۇرۇقى، — بەلكىم قىزنى ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ماقۇللۇق بېرىپ قويۇپ، كېيىن پۇشايمان قىلمىسۇن دېمەكچى بولسا كېرەك.

— خوپ تەقسىر، — دەپتۇ ـ دە، سودىگەر قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپتۇ، ۋەزىرنىڭ كېلىش مۇددىئاسى ۋە بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى بايان قىلىپ، قىزنىڭ رايىنى سوراپتۇ.

قىز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— ماقۇللۇق بىلدۈرۈڭ ئاتا، مەن خانىش بولۇشقا رازى، — دەپتۇ تاقەتسىزلىك بىلەن.

سودىگەر ۋەزىرگە قىزنىڭ رازىلىقىنى يەتكۈزۈپتۇ، ۋەزىر توي كۈنىنى بەلگىلەپ قويۇپ، ئوردىغا يېنىپتۇ، بۇ خەۋەرنى شاھقا

يەتكۈزۈپتۇ. دىلى سۆيۈنگەن شاھ ئۇنىڭغا زەرباپ تون يېپىپتۇ ۋە توي تەييارلىقى قىلىشقا ئەمر قىپتۇ.

توي كۈنىمۇ يېتىپ كەپتۇ، كاتتا مەرىكىدىن كېيىن شاھ سودىگەرنىڭ بېقىۋالغان قىزىنى نىكاھىغا ئېلىپ، خانىشلىققا بەلگىلەپتۇ، يېڭى خانىش خۇشلۇقىدىن تېرىسىگە سىغماي قاپتۇ، بىراق مەلىكىنى نېمە ئۈچۈندۇر تىترەك بېسىپتۇ.

تويىنىڭ ئەتىسى شاھ مەلىكىنى يېڭى خانىش بىلەن دىدارلىشىشقا چاقىرىپتۇ، خانىش ئۆز ئالدىغا كىرىپ كېلىۋاتقان ئوماق ۋە گۈزەل مەلىكىنى كۆرگىنىدە يۈرىكى ھەسەت ئوتىدا كۆيۈشكە باشلاپتۇ.

ئاھ! ··· مەن تېخى بالا تۇغماي تۇرۇپ بۇ قىزغا ئانا بولامدىمەن، ئۇنىڭ گۈزەللىكىچۇ تېخى، ئىلگىرى مەن ئۆزۈمنى دۇنيادا ئەڭ چىرايلىق دەپ بىلەتتىم، ئەمدى بۇ قىزنىڭ ئالدىدا بولسا گۈزەللىكىم ھېچنېمىگە ئەرزىمىگۈدەك، بۇ ماڭا نېمىدېگەن خورلۇق ··· ئۇ شۇنداق مۇدھىش خىياللاردا بولۇۋاتقىنىدا گۆدەك مەلىكە ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپتۇ. خانىش ئۇنىڭ سالىمىدىن ئېسىگە كېلىپ، ساختا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مەلىكىنى باغرىغا بېسىپتۇ، پادىشاھ ئالدىدا ئۇنىڭغا بەكمۇ مېھرىبان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ، ئەمما كۆزلىرىدە بولسا شۇملۇق ئۈچقۇنى يېنىپ قاپتۇ. بۇنى سېزىپ قېلىپ، يېڭى خانىش ئانىسى ھەققىدىكى گۆدەكلەرچە شېرىن خىياللىرى قاياقلارغىدۇر كېتىپ قالغان مەلىكە بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇشنى

خالىماي، ئويناپ كىرەيچۇ، دەپ قويۇپلا چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن خانىش يۈرىكى بىئاراملىقتىن قۇتۇلغاندەك ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىپتۇ ــ دە، ئۇنى تېززەك كۆزدىن يوقىتىشنىڭ كېرەك، دېگەن رەزىل نىيەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

ئەمما ھازىر ئۇنىڭ بۇ شۇم نىيىتىگە ھەمنەپەس بولىدىغان كىشى يوق ئىكەن. ھازىرلا ئۆزى قول سېلىپ، مەلىكىنى كۆزدىن يوقىتىشقا ھەم پېتىنالمايدىكەن، شۇڭا ئۇ ھىيلە ــ مىكىرگە تولغان كاللىسىنى ئىشقا سېلىپ ئويلاپتۇ، ئاخىرى بىر رەزىل پىلاننى تۈزۈپ چىقىپتۇ ۋە شۇ پىلان بويىچە ئىشقا تۇتۇش قىپتۇ.

ــ مەلىكىمىزنىڭ تەربىيەلىنىشى ۋە يېمەك ــ ئىچمىكىگە مەنلا قارىسام، ــ دەپتۇ، ئۇ ئاۋۋال پادىشاھقا، ــ ئۇنىڭغا قارايدىغان دېدەكنى كەتكۈزۈۋېتىڭ، ئۇ ئەمدى ئوشۇقچە بولۇپ قالدى.

شاھ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كۆپ خىزمەتكار ئىشلىتىدىغان ئادىتى يوق ئىكەن، ئاشپەزدىن بۆلەك مەلىكىگە قاراشقا شۇ بىرلا دېدەكنى ياللىغان ئىكەن. بۇ ئۇنىڭ پىخسىقلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى پۇقرالىرىدىن بەكمۇ ئۈستۈن، ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇۋېلىشنى خالىمايدىغانلىقىدىن ئىكەن.

خانىش گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا چىقىپلا دېدەككە كۆدە ــ

كۆرپىسىنى كۆتۈرتۈپ يولغا ساپتۇ. مەلىكىگە بولسا تاماقنى ئۆزى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بوپتۇ، يەتكۈزۈپ بەرگەندىمۇ ئەڭ قۇۋۋەتسىز تاماقلارنى بېرىپتۇ، ھەم مىقدارىنى بارغانسېرى ئازايتىپ بېرىپتۇ.

— قىز بالا دېگەن بەك ئاز تاماق يەيدىغان، — دەيدىكەن ئۇ دائىم مەلىكىگە، — كۆپ يېيىش بەكمۇ ئەسكى ئادەت، ئادەمنى سەمرىتىپ يور كۆتەكتەك سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

مەلىكە ئۈندىمەپتۇ، گاھى توق ـ گاھى ئاچ يۈرۈپتۇ، ئاچ قالىدىغان ۋاقتى بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ، كۆپرەك تاماق يەيمەن دېيىشكە تارتىنىپتۇ. خانىش بولسا مەلىكىنى ئاشۇنداق تاماقتىن قىسىپ ئاجىزلىتىپ يوقاتماقچى ئىكەن. لېكىن ئۇ بۇ مەقسىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بەك كۆيۈنگەن بولۇپ، مەلىكىگە ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى تىككۈزۈپ بېرىدىغان، ئەڭ ئېسىل زىبۇ ـ زىننەتلەرنى ئېلىپ بېرىدىغان بوپتۇ، ئۇ نېمىدېگەن ئۇستات ـ ھە؟!

شۇنداق قىلىپ ئەسلىدىنلا جۇغى كىچىك ۋە زىلۋا ـ نازۇك مەلىكە تېخىمۇ كىچىكلەپ، تېخىمۇ يەڭگىللەپ، تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ قاپتۇ، ئەمما خانىش ئۈمىد قىلغاندەك ئاغرىپمۇ قالماپتۇ، ھالسىزلىنىپ يېتىپمۇ قالماپتۇ، بەلكى خانىشنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىپ، يەڭگىل قەدەملىرى بىلەن ئوردا ئىچىدە ئويناپ يۈرۈپتۇ. شاھ بولسا، مەلىكىدىن خانىش خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ، دېگەن ئويدا دۆلەت ئىشلىرىغا بېرىلىپ كېتىپ،

مەلىكىگە كۆڭۈل بۆلەلمەپتۇ.

شۇ كۈنلەردە قوشنا مەملىكەتتىن شاھنى زىيارەتكە چىللاپ ئەلچى كەپتۇ، پادىشاھ خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بىرىپ، ئەلچىنى قايتۇرۇپتۇ.

— مېنىمۇ بىللە ئېلىپ بارسىڭىز، — دەپتۇ مەلىكە شاھ ئاتىسىغا ئەركىلەپ، — مەنمۇ باشقا ئەللەرنى كۆرۈپ كەلسەم.

— بولمايدۇ قىزىم، — دەپتۇ خانىش پادىشاھ جاۋاب بەرگىچە ئالدىراپ - تېنەپ، — قىز بالا دېگەن يات يەرلەرگە قاتراپ يۈرمەيدىغان، يامان كۆز تېگىدۇ، سۆز - چۆچەككە قالىدۇ.

— شۇنداق قىل قىزىم، — دەپتۇ پادىشاھمۇ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، — تېنىڭ ئاجىز، سەپەر زىيارەتلەرگە چىدىيالمايسەن، خانىش ھالىڭدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ.

مەلىكە ئاتىسىنىڭ سۆزىنى يىرالماي قايتا ئۈنچىقماپتۇ، شاھ مەلىكە ۋە خانىش بىلەن خوشلىشىپ، بىر نەچچە ۋەزىرلىرى بىلەن يولغا چىقىپتۇ، خانىش شۇ ھامان مەلىكىنى تارتقۇشلاپ، ئوردا ئىچىدىكى چوققىسى گۈمبەزلىك مۇنارغا چىقىپتۇ - دە شاھنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن قەلئەدىن چىقىپ كەتكىنىگە قاراپ تۇرۇپتۇ، ئاندىن زەھەرخەندىلىك بىلەن: «مۇشۇ يەردە شاھ ئاتاڭنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇر قىزىم» دېگىنىچە كەينىگە يېنىپتۇ، گۆدەك مەلىكە ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەچكە، ماقۇل، شۇنداق قىلاي ئاپا دەپ يىراقلارغا كېتىۋاتقان ئاتىسىنىڭ چېكىتتەك قارىسىغا تەلپۈنۈپ قاپتۇ.

خانىش شۇ پۇرسەتتە گۇمبەز ئىشىكىنى ئاستىلا يېپىپ، ئىشىكنى سىرتىدىن قۇلۇپلاپتۇ ـ دە، تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئاندىن مۇنارغا كىرىدىغان ئىشىكنىمۇ يوغان قۇلۇپتا قۇلۇپلاپ، ئۆز قىلمىشىدىن سۆيۈنۈپ قاغا قاقىلدىغاندەك قاقاقلاپ كۈلگىنىچە خاس ھەرەمگە كىرىپ كېتىپتۇ.

مۇنار ئۈستىدە سولىنىپ قالغان بىچارە مەلىكە بولسا ئۇنىڭ شۇم غەرىزىنى پەقەت شۇ چاغدىلا چۈشىنىپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ قاپتۇ. ئەمدى ئۇنى كىممۇ قۇتقۇزار؟

نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. مەلىكە ئۆلۈپ قالماپتۇ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىنمۇ يىقىلىپ قالماپتۇ، پەقەت بارغانسېرى يەڭگىللەپ ۋە بارغانسېرى كىچىكلەپ ئاخىرى ئىككى ـ ئۈچ ياشلاردىكى بالىلاردەكلا بولۇپ قاپتۇ. شۇ تاپتا ئۇ گويا پۈۋلىسە ھازىرلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ھالەتتە ئىكەن.

خانىش ھەر كۈنى چىقىپ ئىشىك يېرىقىدىن كۆزىتىپ باقىدىكەن. لېكىن ئۇنىڭ تېخى ئۆلمىگەنلىكىنى كۆرگىنىدە ئاچچىقتىن تولغىنىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كېتىدىكەن.

«ئۇ نېمىشقا ھازىرغىچە ئۆلمەيدىكىنە، ــ دەپتۇ ئۇ بىر كۈنى مۇناردىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە،ــ تېزرەك ئۆلسە بولاتتى، ئەتە قاراپ باقاي، يەنە ئۆلمىگەن بولسا بوغۇۋېتەي، ئاتىسى بەرىبىر قايتىپ كېلەلمەيدۇ، باشقىلارنى بىر نېمە دەپ گېپىمگە ئىشەندۈرۈۋالىمەن.»

ئۇنىڭ سۆزىنى مۇنار تۈۋىدە ئۇنۇپ قالغان بىر تۈپ

ھەشقىپىچەك گۈلى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە، مەلىكە ئۇچۇن بەكمۇ قايغۇرۇپتۇ.

«بىچارە مەلىكە، ــ دەپتۇ، ــ ئۇ بىر چاغدا مېنى ئوغۇتلاپ، سۇغىرىپ پەرۋىش قىلىپ قويغانتى، ئەمدى مەنمۇ ياخشىلىقنى ياندۇراي.»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بار كۈچى بىلەن مۇنار ئۈستىگە قاراپ ئۆسۈپتۇ، ئۆسۈپتۇ، ئەتىسى تاڭ بىلەن تەڭ مۇنار ئۈستىدىكى گۈمبەز دېرىزىسىگە يېتىپتۇ ۋە:

ــ مەلىكە، مەلىكە، ــ دەپ چاقىرىپتۇ تاقەتسىزلىك بىلەن، ــ خانىش سىزنى بوغۇۋەتمەكچى، تېز بولۇڭ، ماڭا ئېسىلىپ مۇناردىن چۈشۈۋېلىڭ، تېز قېچىڭ.

ــ مېنى كۆتۈرەلەرسەنمۇ؟ ــ دەپتۇ مەلىكە، ــ ئۈزۈلۈپ كەتسەڭ تەڭلا تۈگىشىمىز.

ــ ئۇنداق بولمايدۇ، ــ دەپتۇ ھەشقىپىچەك دېرىزە رامىغا چىڭ چىرماق سېلىپ، ــ تېز بولۇڭ، خانىش مۇناردىن چىقىدىغان ئىشىكنى ئېچىۋاتىدۇ.

مەلىكە ئامالسىز دېرىزىگە يامىشىپ چىقىپ ھەشقىپىچەككە ئېسىلىپ تۆۋەنلەپتۇ، خانىش مۇنار ئىشىكى يېرىقىدىن ماراپ بۇنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، پالاقشىپ مۇناردىن چۈشۈپتۇ، مەلىكە تۆۋەنلەپ يەرگە ئادەم بويى قالغاندا خانىش يېتىپ كەپتۇ ـ دە: «ھوي ئۆلمەيدىغان، قېنى قەيەرگە قاچىسەنكىن» دېگىنىچە مەلىكىنى تۇتۇۋېلىشقا قول سوزۇپتۇ، مەلىكە قورققىنىدىن ئانا!

دەپ توۋلاپساپتۇ، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئانىسىنىڭ سىماسى زاھىر بولۇپ، غۇيىدە بىر شامال چىقىپتۇ ـ دە، مەلىكىنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ، خانىش ئۇنى تۇتالماي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپلا قاپتۇ.

مەلىكىنى شامال ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقىنىدا بىردىنلا دۇمبىسىدىن بىر جۈپ چوڭ ئاق كېپىنەك قانىتى ئۆسۈپ چىقىپتۇ ـ دە، ئۇ ئەمدى ئۆزى قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ كىيىملىرىمۇ ئاپپاق بولغىنى ئۈچۈن گويا چوڭ ئاق كېپىنەككە ئوخشاپ قاپتۇ.

ئۇ ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، يىراقلارغا كېتىپ قاپتۇ، چارچىغان چاغدا بىر ئېگىز دەرەخ شېخىغا قونۇپتۇ، ئويلىنىپ ئاخىرى شاھ ئاتىسىنى ئىزدەپ بارماقچى بوپتۇ ـ دە، قوشنا مەملىكەتكە قاراپ ئۇچۇپتۇ.

ئۇ شۇنداق ئۇچۇپ كېتىۋاتقىنىدا شامال ئالدىغا بىر پارچە قەغەزنى ئۇچۇرۇپ كەپتۇ، كېپىنەك مەلىكە قەغەزنى ئېلىپ يېزىقلىق تۆت قۇر خەتنى كۆرۈپتۇ، خەتتە «شاھ بىلەن ۋەزىرلىرى يول ئۈستىدە ئۆلتۈرۈلدى، ئەمدى سەن ئۇچرىشىش ۋاقتىنى بەلگىلىگىن، تېز جاۋاب قايتۇر» دەپ يېزىلغان ئىكەن.

«ۋاي خۇدايىم، ــ دەپتۇ كېپىنەك مەلىكە چۆچۈپ ئەندىكىپ، ــ بۇنىڭدا دېيىلگىنى قايسى شاھتۇ، مېنىڭ شاھ ئاتام بولۇپ قالمىغىيدى ـ ھە؟! تېزرەك باراي، ماڭىدىغان يولنى بويلاپ ئىزدەپ باقاي.»

ئۇ شۇنداق دەۋاتقىنىدا بىر قارا قۇش شۇڭغۇپ كېلىپ، قەغەزنى ئېلىپ قېچىپتۇ، كېپىنەك مەلىكە ئۇنى قوغلاشقا رايى بارماي يولىغا راۋان بوپتۇ، بار كۈچى بىلەن تېز ئۇچۇپتۇ.

ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، بىر چېتى ئېگىز تاغ، بىر چېتى تىك هاڭ بىر يولغا يېتىپتۇ، يولدا قان ئىزلىرى بار ئىكەن، كېپىنەك مەلىكە ھەممە تەرەپكە قاراپتۇ، لېكىن نە بىر تىرىك، نە بىر ئۆلۈك ئادەم زاتى كۆرۈنمەپتۇ.

— كېپىنەك قىز، نېمىگە قاراۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ شۇ چاغ يول بويىدىكى بىر تال ياۋا گۈل تىلغا كىرىپ، — نېمە ئىزدەيسەن؟

— بۇ يەردە قان ئىزلىرى بار ئىكەن، — دەپتۇ كېپىنەك مەلىكە، — ئۇ نېمە قان ئىكىن دەپ قاراۋاتىمەن.

— ئۇ قاراقچىلار ئۆلتۈرگەن پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلىرىنىڭ قېنى، — دەپتۇ ياۋا گۈل، — 40 قاراقچى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ هاڭغا تاشلىۋەتكەن، ئاندىن بىر پارچە خەتنى قارا قۇشتىن ئوردىدىكى خانىشقا ئەۋەتىۋېتىپ كېتىپ قېلىشقان، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئىشنى ئوردىدىكى خانىش قارا قۇشتىن خەۋەر ئەۋەتىپ قىلدۇرغانمىش، ئۇلار خېلى بۇرۇندىن قارا قۇش ئارقىلىق خەت - ئالاقە ئەۋەتىپ يۈرىدىكەنمىش.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك بولغان كېپىنەك مەلىكە كۆز ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلگىنىچە هاڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ چۈشۈپتۇ، ئۇ يەردە شاھ

ئاتىسى ۋە ۋەزىرلەرنىڭ جەسەتلىرىنى كۆرۈپتۇ، شاھ ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ زار ـ زار يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، تولا يىغلاپ ھالسىزلىنىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، ھەم بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە شاھ ئاتىسى ۋە ۋەزىرلەر «قىزىم قىساس ئال، قىساس ئال» دەۋاتقۇدەك.

كېپىنەك مەلىكە چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ، ئەمدى نېمە قىلارىنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

شۇ چاغدا بوي ـ تۇرقى ئۆزىدەكلا، ۋۇجۇدىدىن ئالتۇن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، ئالتۇندەك بۇدۇر چاچلىق بىر بالا ئۇچۇپ كەپتۇ، ئۇنىڭ بېشىدا ئالتۇن تاج، دۈمبىسىدە بىر جۈپ ئالتۇن رەڭلىك قانىتى بار ئىكەن. شۇ تۇرقىدا يوغان بىر ھەسەل ھەرىسىگىلا ئوخشايدىكەن، ئەمما ئۇ بەكمۇ ئوماق، بەكمۇ چىرايلىق ۋە بەكمۇ خۇش قامەت بىر ئوغۇل بالا ئىكەن.

ــ ھەي كېپىنەك قىز، ــ دەپتۇ ئۇ، ــ بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرىسىز؟ ئۆلۈكلەرگە ھەمراھ بولۇش ئانچە كۆڭۈللۈك ئىش ئەمەس، يۈرۈڭ، مەن سىزنى بال بىلەن مېھمان قىلاي.

ــ كەچۈرۈڭ، ــ دەپتۇ كېپىنەك مەلىكە، ــ بۇلار مېنىڭ شاھ ئاتام بىلەن ۋەزىرلىرى، ئۇلار رەزىل خانىش ۋە قاراقچىلارنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن قازا قىلدى. ئۇلار بايا چۈشۈمگە كىرىپ قىساس ئېلىشنى تەلەپ قىلدى، مەن قانداق قىلىپ قىساس ئېلىشنى ئويلاۋاتىمەن، مېھمانغا بارالمايمەن.

ــ ھە...؟! مەن بىر مەلىكە دەڭ، ــ دەپتۇ قاناتلىق بالا، ــ كېپىنەك مەلىكە دەپ چاقىرسام بولغۇدەك، بىراق سىز بەك

بىچارە ئىكەنسىز، مەن سىزگە ياردەم قىلاي.
— سىز كىم؟ — سوراپتۇ كېپىنەك مەلىكە، — ماڭا قانداق ياردەم قىلىسىز؟
— مەن ھەسەل ھەرىلەرنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ شاھزادىسى، — دەپتۇ قاناتلىق بالا، — ھەسەل ھەرىلىرى پەرمانىمغا بويسۇنىدۇ، مەن ئۇلارنى باشلاپ بېرىپ رەزىل خانىش ۋە قاراقچىلارنى چاققۇزىمەن.
— ياخشى، ياخشى، — دەپتۇ كېپىنەك مەلىكە، — ئۇنداقتا ھازىرلا ماڭايلى.
— شۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ ھەسەل ھەرىسى شاھزادە.
ئۇلار ماڭماقچى بوپتۇ، بىراق مەلىكە نېمىدۇر ئويلاپ تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن بىر ئاماللارنى قىلىپ شاھ ئاتىسى، ۋەزىرلەرنىڭ جەسىتىنى كۆمۈپتۇ، ھەسەل ھەرىسى شاھزادە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپتۇ، يەنە تېخى قەبرە ئۈستىگە ياۋا گۈللەرنى كۆچۈرۈپتۇ، ئاندىن ئۇلار ھاڭ ئۈستىگە ئۆرلەپ، قول تۇتۇشۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.
ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، تازا ئېگىز ئۇچۇپ، چوققىسى بۇلۇتلار قوينىغا باش قويغان تاغدىن ھالقىپ يەنە تۆۋەنلەپتۇ، دەل بېرىمىغىچە تۆۋەنلىگەندە سان ـ ساناقسىز ھەسەل ھەرىلىرى غۇڭۇلدىشىپ يۈرگەن ھەسەل ھەرە پادىشاھلىقىغا يېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا شۇ ھامان تۆت چوڭ ھەسەل ھەرىسى ئېسىل بال ئېلىنغان بىر خىرۇستال جامنى چىشلەپ ئېلىپ كەپتۇ. ھەسەل ھەرىسى شاھزادە كېپىنەك مەلىكىنى بالدىن تېتىپ كۆرۈشكە

تەكلىپ قىپتۇ. مەلىكە ئالتۇن رەڭلىك بالدىن تېتىپ بېقىپ، ئۆز ئۆمرىدە ئۇنىڭدىن شېرىن ۋە تاتلىق نەرسە تېتىپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ ـ دە، كۆپتىن ـ كۆپ تەشەككۈر ئىزھار قىپتۇ.

ـــ ئەمدى ماڭايلى، قىساس ئېلىش ئىشى تۈگىگەندە مەن بىلەن بۇ يەرگە قايتىپ كېلىڭ بولامدۇ؟ ـــ دەپتۇ ھەسەل ھەرىسى شاھزادە.

ـــ مېنىڭ يۇرتۇمدا ماكانلىشىپ قالايلىچۇ، ـــ دەپتۇ كېپىنەك مەلىكە، ـــ ئۇ يەر بەك گۈزەل، ھەممە يېرى گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن.

ـــ ئۇ يەرگىمۇ بېرىپ تۇرىمىز، ـــ دەپتۇ ھەسەل ھەرىسى شاھزادە، ـــ بۇ يەردە مېنىڭ خىرۇستال سارىيىم بار، ھەسەل ھەرىلىرىمنىڭ ئۆيلىرى بار، ئۇلاردىن ئايرىلالمايمەن.

ـــ سىز دېگەندەك بولسۇن، ـــ دەپتۇ ئاخىرى كېپىنەك مەلىكە.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قول تۇتۇشۇپ ئۇچۇپ، گۈلئەپشان قەلئەسى تەرەپكە راۋان بوپتۇ، ھەسەل ھەرىلىرىمۇ ھەسەل ھەرىسى شاھزادىنىڭ پەرمانى بىلەن ئۇلارغا ئەگىشىپتۇ، غۇژمەكلىشىپ ئۇچۇپ گويا بىر چوڭ بۇلۇت ھاسىل قىپتۇ.

ئۇلار ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئۇچۇپتۇ، كېچىچە ھەم ئۇچۇپتۇ، تاڭغا يېقىن مەنزىلگە يېتىپتۇ، ئاۋۋال كېپىنەك مەلىكە ھەسەل ھەرە شاھزادە بىلەن ئوردىغا كىرىپ چارلاپتۇ، قارىسا قىرىق قاراقچى چوڭ مېھمانخانىدا ئۇخلاۋاتقان،

قاراقچىلار باشلىقى بىر ھۇجرىدا رەزىل خانىش بىلەن بىر ئورۇندا ئۇخلاپ ياتقان.

كىپىنەك مەلىكە ئۇلار قېچىپ كەتمىسۇن دەپ ئىشىكلەرنى تېشىدىن قۇلۇپلاپتۇ، ئاندىن ھەرىلەر ئوردا تېمىدىن ھالقىپ كىرىپ ئۇخلاۋاتقانلارغا نەشتەر ئۇرۇپتۇ، ئوردا ئىچىدە قىيقاس - چۇقان، نالە - پەرياد كۆتۈرۈلۈپتۇ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان قاراقچىلار ۋە خانىش جان ئاچچىقىدا ئىشىكلەرگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ، لېكىن چىقالماپتۇ، ھەرىلەر چېقىپ باش - كۆزلىرى ئىششىپ كۆككىرىپ كېتىپتۇ، ئاخىرى قۇتۇلۇشقا ئىلاج قىلالماي ھەرىلەرنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن ئوت يېقىپتۇ، ئەمما ئوت گىلەم پەردىلەرگە چاچراپ كېتىپ، ئۇلغىيىپ يامراپ، ئوردىنى قاپساۋاپتۇ. ھەرىلەر توخلۇك - پەنجىرىلەردىن چىقىپ كېتىپتۇ، خانىش ۋە قاراقچىلار ئوت ئىچىدە قېلىپ تېگىشلىك جازاسىنى تارتىپتۇ، كىپىنەك مەلىكە ھەسەل ھەرە شاھزادە بىلەن ئۇچۇپ كېتىپتۇ، بىراق ئۇلار ۋاپادار ھەشقىپىچەك گۈلنى ئوت ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ كېتىشنى ئۇنتۇماپتۇ، ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۇچۇۋاتقان ھەسەل ھەرىلىرى مۇنداق بىر جۈملە خەت ھاسىل قىپتۇ:

ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر جايدا بار،
يامانلىققا يامانلىق ھەر چاغدا بار.

# ئاچ كۆزنىڭ ئاقىۋىتى

(چۆچەك)

چەت ـ ياقىسىغا كۆز يەتكۈسىز بىر كەڭ دالىدا ئۈچ يىگىت بىرگە كېتىۋاتقان ئىكەن. تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ مەنزىلى تەرەپتىكى يىراق بىر جايدا نۇر چاقناشقا باشلاپتۇ.

ـــ ئۇ يەردە بىر ئېسىل گۆھەر بولسا كېرەك، ـــ دەپتۇ بۇنى كۆرۈپ يىگىتلەرنىڭ بىرىنچىسى، شۇنداق دەۋېتىپ ئۇنىڭ قەدەملىرى تېزلىشىپتۇ.

ـــ ئۇ بىر ئېزىتقۇ، بىرەر بالايىئاپەتنىڭ ئالامىتى بولۇشى مۇمكىن، ـــ دەپتۇ ئىككىنچى يىگىت. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ قەدەملىرى ئاستىلاپتۇ.

ـــ شۇنداق بولۇپ قالسا تەڭرى ھەممىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ـــ دەپتۇ ئۈچىنچى يىگىت، ئۇ قەدەم سۈرئىتىنى ئۆزگەرتمەي مېڭىۋېرىپتۇ.

بىرىنچى يىگىت ئاۋۋال يېتىپ بېرىپتۇ، ئۇ يەردە نەدىمۇ گۆھەر بولسۇن، بەلكى بويى بىر غېرىچ، قىزىل گۇل كەشتىلەنگەن قاردەك ئاق كۆڭلەك كىيگەن، كىچىككىنە

پۇتلىرىدا كىچىككىنە خىرۇستال كەشلەر ۋالىلداپ تۇرغان كىچىككىنە بىر قىزچاق چوغدەك قىزىل بىر تال ئەتىرگۈل كامالچىسىنى ئويناپ ئولتۇرغان ئىكەن. بايا چاقنىغان نۇر بولسا ئۇنىڭ ئوماق چىھرىدىن بالقىپ تۇرغان گۈزەللىك ئاپتىپى، بەخت تەبەسسۇمى ئىكەن.

ئىككىنچى، ئۈچىنچى يىگىتمۇ يېتىپ كەپتۇ، ھەممىسى ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرۇپ قاپتۇ.

— ئۇ نېمىدېگەن غەلىتە قىزچاق - ھە؟! — دەپتۇ بىرىنچى يىگىت.

— ئۇ بىر پەرىشتە، — دەپتۇ ئىككىنچى يىگىت.

— ئۇ نېمىدېگەن ئوماق قىز - ھە؟! — دەپتۇ ئۈچىنچى يىگىت.

— ئۇنى قانداق قىلساق بولار؟ — يىگىتلەرنىڭ كاللىسىغا تەڭلا شۇنداق خىيال كەپتۇ.

— ئۇنى شەھەرگە ئاپىرىپ كۆرگەزمە قىلايلى، — دەپتۇ بىرىنچى يىگىت، — كۆرۈرمەنلەردىن نۇرغۇن پۇل ئۇندۇرۇۋالىمىز، بېيىپ كېتىمىز.

— ئۇنى بىزگە پادىشاھلىق تىلەپ بېرىشكە مەجبۇرلايلى، — دەپتۇ ئىككىنچى يىگىت، — چۈنكى ئۇ بىر پەرىشتە، تەڭرى ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجاۋەت قىلىدۇ.

— ئۇنى سىڭلىمىز ئورنىدا كۆرۈپ، ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالايلى، — دەپتۇ ئۈچىنچى يىگىت، — ئۇ پەقەت ئاسرىشىمىزغا

موھتاج، سىڭلىمىز بولۇشقىلا لايىق.
كىچىككىنە قىز ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ ـ دە، ئاندىن قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ: «ئاھ! قۇدرىتى ئۇلۇغ تەڭرىم، ــ دەپ تىلەك تىلەپتۇ شۇنداق، ــ ھەممىنى كۆرۈپ، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن، ھەممىيلەننى ئۆز مۇرادىمىزغا يەتكۈزگەيسەن.»
شۇ ھامان مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ، بىرىنچى يىگىت ئۆزگىرىپ تاغ تېشەر ھايۋانغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ھەم دەرھال گۆھەر ـ ياقۇت، ئالتۇن ـ كۆمۈش قىدىرىپ تېپىشقا باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاستىغا تېشىپ كىرىپ كېتىپتۇ.
ئىككىنچى يىگىتمۇ ئۆزگىرىپ بىر شىرغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ھەم ھايۋانلار شاھى بوپتۇ.
ئاندىن كىچىككىنە قىزنىڭ بوي ـ تۇرقى ئاستا ـ ئاستا ئۆسۈپ، چوڭىيىپ 18 ياشلاردىكى بىر ساھىبجامال قىزغا ئۆزگىرىپتۇ ـ دە:
ــ خالىسىڭىز مەن سىزگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولاي، ــ دەپتۇ خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئۈچىنچى يىگىتكە قولىدىكى ئەتىرگۈل كامالچىسىنى سۇنۇپ.
ــ ئەلۋەتتە خالايمەن، ــ دەپتۇ ئۈچىنچى يىگىت قوش قوللاپ گۈلنى ئېلىۋېتىپ.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قول تۇتۇشۇپ يولىغا راۋان بوپتۇ.
قۇتلۇق ۋە پارلاق بىر مەنزىل ئۇلارنىڭ يولىدا يىراقلاردىن زاھىر بوپتۇ.

مەجمۇئە ئىسمى: باللارغا سوۋغا ـ 2 (5)
كىتاب ئىسمى: توز مەلىكە
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: ئادىل ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا تەۋەككۇل
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئەخمەت مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشرىيات: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 2.75
نەشرى: 2010 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2010 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
باسما سانى: 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5373 - 2011 - 5
ئومۇمىي باھاسى: 84.00 يۈەن
بۇ قىسمىنىڭ يەككە باھاسى: 8.00 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

# باللارغا سوۋغا ـ 2

Balilargha Sowgha

بىتەلەي توشقان

ئاق قۇ مەلىكە

ئۈچ ئالتۇن قورچاق

خىرۇستال كەش

توز مەلىكە

توققۇز دانە ئالما

ئەخلەت يەيدىغان كۈچۈك

بەخىت ئارىلىنى ئىزدەش

يولۋاسقا ئايلانغان بالا

ھاكاۋۇر چۈجە خوراز

单价：7.00 元

ISBN 978-7-5373-2011-5

9 787537 320115 >

总定价（十册）：84.00 元